


# ياچپيكا تۇرمۇشى

7

1991

# داهىيلار خەلق ئاممىسى ئارىسىدا



⇧ 1960 - يىلى، يولداش لىۇ شاۋچى يېڭى يىل بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە قاتناشقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىللە.
⇦ 1958 - يىلى، يولداش جۇدې بېيجىڭ شىسەنلىڭ سۇ ئامبىرىدا ئەمگەككە قاتناشتى.
⇩ 1981 - يىلى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۈرۈمچى نەنسەن چارۋىچىلىق مەيدانىغا بېرىپ قازاق چارۋىچىلارنى يوقلىدى.



⇧ 1964 - يىلى، ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي بېيجىڭدىكى مەركىزىي دىراما شۇيۇەنى سەنئەت فاكۇلتېتىدىكى شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلدى.







⇨ 1990 - يىلى، يولداش جياڭ زېمىن شىنجاڭ تيانشان يۇڭ توقۇمىچىلىق ھەسسىدارلىق شىركىتى ئىلمە توقۇلما 3 - زاۋۇتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

# داهىيلار خەلق ئاممىسى ئارىسىدا

# بۇ يىل پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ
# قۇرۇلۇشىنى ئۇقتىلىق ياخشى تۇتۇشىمىز،
# چېچىلاڭغۇ، بوشاڭ پارتىيە ياچېيكىلىرىنى
# ياخشى تەرتىپكە سېلىشىمىز لازىم

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش سۇڭ خەنلياڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات خىزمىتى يىغىنىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدە قىلغان مۇھىم سۆزىدە، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش مەسىلىسى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېدى: بۇ يىل پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئۇقتىلىق ياخشى تۇتۇشىمىز، چېچىلاڭغۇ، بوشاڭ پارتىيە ياچېيكىلىرىنى ياخشى تەرتىپكە سېلىشىمىز لازىم. پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى بويىچە نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتلاممۇ قاتلام ئورنىتىپ، ۋەزىپىنى قاتتىق كۆرسىتكۈچ بويىچە ئورۇنداش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈچ مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى ياخشى تۇتۇش لازىم. بىرىنچى، پرولېتارىيات دۇنيا قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي بىلىملىرى توغرىسىدا چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئىدىيە جەھەتتىن پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش لازىم. ئىككىنچى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە كوممۇنىزم غايىسى، روھى توغرىسىدا چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ روھسىزلىق، ئىدىيىدە چېكىنىش مەسىلىلىرىنى ياخشى ھەل قىلىش لازىم. ئۈچىنچى، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، جۈملىدىن مىللەت قارىشى، دىن قارىشى توغرىسىدا چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش لازىم. پارتىيە ئەزالىرىنى قاتتىق باشقۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشىمىز لازىم.

# ياچېيكا تۇرمۇشى (ئايلىق ژۇرنال) 1991 ـ يىل 7 ـ سان

ج ك پ ش تۇ ئا ر كومىتېتى تەشكىلات،
تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ باشچىلىقىدا
نەشر قىلىندى.
ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل تىللىرىدا
نەشر قىلىنىدۇ.
ھەر ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.



7

مۇئاۋىن باش تەھرىرلەر: غاپپار نىياز، ئالىم غازى


| | |
|---|---|
| پارتىيە قۇرۇل-<br>غانلىقىنىڭ 70<br>يىللىقىنى تەب-<br>رىكلەيمىز | كوممۇنىزم ئۈچۈن ئاداققىچە كۈرەش قىلايلى ··· ژۇرنىلىمىزنىڭ ئوبزورچىسى 4<br>جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مەنپە-<br>ئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى ························ ۋېي شى 7<br>پارتىيە رەھبەرلىكى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىنىڭ تۈپ<br>كاپالىتى · · · · · · · · · · · · · · ·· لۈك جاۋنيەن 18<br>ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىدىكى شىنجاڭنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى<br>· · · · · · ························· جاڭ سۈگىچى 23<br>شەرەپ تارىخىسى ························ 26<br>ئانا مېھرى يەتمەس پارتىيە مېھرىگە ················ ئا. كېبىر 33 |
| سۈرەتلىك خەۋەر | بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، خالىسانە تۆھپە يارىتىش روھى بىلەن تۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەۋاتقان<br>بۈگۈر ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارە پارتىيە<br>ياچېيكىسى ························ غ.نىياز .ق. مىجىت 37 |
| تەرمىلەر | لېنىننىڭ ۋاپات بولۇشىدىكى سەۋەب· (2/پارچە) ··············· 40 |
| ياچېيكا<br>خىزمىتى | ئاساسىي قاتلام پارتىيە خىزمىتىدە بەش مۇناسىۋەتنى توبدان ھەل قىلىش كېرەك<br>························ غ.نىياز، ق.مىجىت 44 |
| ئاۋانگارتلار<br>كۆزنىكى | مۇنەۋۋەر پىلانلىق تۇغۇت خادىمى ························ ي.ئىمىن 50 |
| بىر ئىشقا<br>بىر مۇلاھىزە | يۇقىرىغا ئەھۋالدىن دوكلات قىلغاندا راس گەپ قىلىش كېرەك ··········<br>························ ئە. مەھەممەت 52 |

ئومۇمىي 329 ـ سان

«ياچىيكا تۇرمۇشى» رېداكسىيىسى
نەشر قىلدى

- شىنجاڭ گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى؛
- مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ژۇرناللار نومۇرى CN 65—1003/Z
- مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ؛
- ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ؛
- ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلام يولى 2 ـ قورو؛
- تېلېفون: باش ئاپپارات 217524، 217532 تارقىلىش 698، 829؛
- ۋەكالەت نومۇرى: 42 — 58؛ باھاسى 0.50 يۈەن؛ پوچتا نومۇرى: 830003

مەسئۇل تەھرىر: ئاينىسا ئەيسا گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: سالام ئابدۇراخمان


| | | |
|---|---|---|
| گۈل ۋە تىكەن | زەيدىن سۇلتان ماتورلۇق كېمە قاتنىشىنى يولغا قويىدى (4 پارچە) ····· | 48 |
| خەت ساندۇقى | كىشىلەر ئارىسىدىكى تۇسمۇلۇك قەرزگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك ···· | 54 |
| شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت بىلىملەر | يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىكى شىنجاڭ·············ۋاڭ بىڭخۇا | 57 |
| تارىخ ۋە شەخس | ماركسىزم دېگەن ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئومۇملىشىشى···ئى. ھاجى | 61 |
| مۇشتەرى، ئاپتور، تەھرىر | 1990 ـ يىللىق «ياچىيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشتا ئىلغار بولۇپ مۇكاپاتلانغان ئورۇنلارنىڭ ئىسىملىكى ························· | 63 |
| ھۆسنى خەت | جۇڭگو كومپارتىيىسى بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى بەختىيار ھايات بولمىغان بولاتتى ······························· | 64 |
| | بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىملەرنى مەھەممەت ئايۇپ، سالام ئابدۇراخمانلار سىزغان. | |

# كوممۇنىزم ئۈچۈن ئاداققىچە كۈرەش قىلايلى

## ژۇرنىلىمىزنىڭ ئوبزورچىسى

بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پارتىيىمىز 70 ياشقا توشقان كۈن. بۇنىڭدىن 70 يىل ئىلگىرى، شاڭخەيدە تۇنجى «كوممۇنىستىك كۆرۈلتۇك» قۇرۇلغان چاغدىلا، پارتىيىمىزنىڭ كوممۇنىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىش نىشانى روشەن نامايان قىلىنغان ئىدى. كوممۇنىزم — ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ گۈزەل جەمئىيەت، ئۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيىمىزدىكى ئۈچ ئەۋلاد كىشىلەر 70 يىللىق كۈرەش تارىخىنى باشتىن كەچۈردى. ئەگەر 1949 - يىلدىن ئىلگىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش باسقۇچىدا تۇردى دېيىلسە، 1949 - يىلدىن كېيىن، بۇ يېڭى جەمئىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزدى ھەمدە ئۇنىڭغا ئۇل سېلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. دېمەك، كوممۇنىزم ئەمدى جۇڭگودا خام خىيال ئەمەس، بەلكى ئۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي قەدەم تاشلاندى.

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەر بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىشى ئىنتايىن مۇشەققەتلىك بولىدۇ. ئۈزلۈكسىز ئىزلىنىشكە، ئوبيېكتىپ تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىشقا، شۇنداقلا، كۈچ سەرپ قىلىپ ھەر خىل ئادەت كۈچلىرىنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە بۇزغۇنچىلىقىنى تونۇش ۋە ئۇنىڭدىن غەلبە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش ئاسان ئەمەس، يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش تېخىمۇ ئاسان ئەمەس. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ يىل ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا بەنى 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىگە قەدەم قويدۇق. يىپيېڭى يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە يېگىنچە كىشىلىك مۇناسىۋەت پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەمگەك ئاكتىپچانلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغىدى، ئۇ چاغدىكى قۇرۇلۇش سۈرئىتى ۋە قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ھەمدە جۇڭگو خەلقىنىڭ جاسارەت - غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇرغان روھىي قىياپىتى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ئىدى. لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، نەتىجىلەر ئالدىدا بەزى كادىرلىرىمىزنىڭ مېڭىسى قىزىپ كېتىپ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىش ۋە ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ، قارىملىق بىلەن ئىلگىرىلەش كەيپىياتى بارلىققا كېلىپ، يېتەكچى ئىدىيىدە خاتالىق كېلىپ چىقتى. 1959 - يىلدىكى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، ئارقىدىنلا يۈز بەرگەن ئۈچ يىللىق تەبىئىي ئاپەت دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىنى تۇنجى قېتىم قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۇچراتتى. گەرچە شۇ يىللاردا قىيىنچىلىق قاتمۇ قات بولغان، خەلق تۇرمۇشى جىددىي تۆۋەنلەپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن پارتىيىمىزنىڭ داھىيلىرى ۋە كەڭ ئەزالىرى خەلق بىلەن ھالاۋەتتىمۇ، جاپادىمۇ بىللە بولغان، يىگىدىن قەد كۆتەرگەن جۇڭگو خەلقى پارتىيىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانلىقتىن ھەر قانداق قىيىنچىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيىگە ئەگىشىپ مېڭىش، گۈزەل كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە ئىنتىلىش ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسىنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويالمىدى. خەلقنىڭ قوللىشى پارتىيىمىزنىڭ قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غەلبە قىلىپ، قىيىن ئۆتكەللەردىن بۆسۈپ ئۆتۈشىدىكى كۈچ - قۇدرىتىنىڭ مەنبەسى.

سوتسىيالىزمنىڭ ھەر بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىشى تېخىمۇ مۇشەققەتلىك بولىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋردە، ئىنقىلابىي قورغىنىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىغا، ھامان «ھەممىسە پەرلەر» ۋە ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالدا ئايىنىپ سۈپىتى ئۆزگەرگەن ئۇنسۇرلار سۇقۇنۇپ كىرىۋالدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىزم لاگېرىنىڭ سىرتىدا ئۇنىڭ بىلەن تىركىشىپ تۇرۇۋاتقان كاپىتالىزم لاگېرى مەۋجۇت. بۇ ئىككى خىل كۈچ، دائىم سوتسىيالىزمنى ئىنتايىن مۇشكۈل ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. نىسبەتەن ئېيتقاندا، قورغاننى ئىچىدىن ئېلىش ئاسانراق. كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقادى، كوممۇنىزمغا ئىنتىلىشى سىزنىڭ خىتاپنامىڭىزنى ئاڭلاپ ئەمەس،

تېخىمۇ مۇھىمى، ھەرىكىتىڭىزگە قاراپ بولىدۇ. ھەقىقىي ماركسىزمچىلار جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى قىلىدۇ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرۋايەت بۇرچى قىلىدۇ. بۇ خىل يۈكسەك ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى كوممۇنىستلارلا خەلق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە چاقىرىق قىلىش رولىنى ئوينيالايدۇ. كىشىلەر جاڭ سىدې، بېتيون، لېي فېڭ، جياۋ يۈلۇ قاتارلىق كوممۇنىزم جەڭچىلىرىنى ھازىرغىچە سېغىنىپ ئەسلەيدۇ، بۈگۈندىن ئۇلارنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنىڭ كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتى — كوممۇنىزم ئۈچۈن ھەقىقىي كۈرەش قىلغان ھايات، قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەي، باشقىلارنىڭلا مەنپەئىتىنى كۆزلىگەن ھايات. خەلق ئاممىسى ئۇلاردىن كوممۇنىزمنىڭ گۈزەل، ئىنتىلىشقا ئەرزىيدىغان جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا، تىرىشىش ئارقىلىق چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي كۆرۈۋالدى.

سوتسىيالىزم جەمئىيىتى — كوممۇنىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى، سوتسىيالىزمدىن كوممۇنىزمغا ئۆتۈش ئۈچۈن ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋرنى بېسىپ ئۆتۈش كېرەك. بۇ — ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى، بىز مەلۇم بىر كۈنى ئەتىگەندىلا كوممۇنىزمغا كىردۇق دەپ جاكارلاش خىيالىدىمۇ بولماسلىقىمىز، لېكىن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانى ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. سوتسىيالىزم — 100 مىليونلىغان كىشىلەر ئاتالىغان ئۇلۇغۋار ئىش، ئەقىل - پاراسەت ۋە جاپالىق ئەمگەكتىن چىققان مول مېۋە بارلىق ئەمگەكچىلەرگە بەخت ئاتا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ «ئۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قىزغىنلىقىنى داۋاملىق ئۇلغايتىدۇ. نۆۋەتتە، سوتسىيالىزم قاتتىق خىرىسقا دۈچ كەلمەكتە، پۈتۈن دۇنيادىكى بۆلۈنمە ۋەزىيەت يېڭىباشتىن بىرىكىشكە قاراپ يۈزلەنمەكتە. لېكىن دۇنيانىڭ ۋەزىيىتى قانداق ئۆزگەرىسمۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەگىشىپ سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئىرادىسى قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇم مۈلۈكچىلىكنىڭ يولغا قويۇلۇشى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ ئارقىلىق كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي ئىگىدارلىق بىلەن ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان زىددىيەت تۈپتىن ئۆزگەرتىلىپ، كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان، ئېزىدىغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئاساس تۈگىتىلىپ، كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە ئۆتۈش ئۈچۈن ئاساس يارىتىلدى. پارتىيىمىز 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئېچىنىشلىق ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ماركسىزمنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننى ئەسلىگە كەلتۈردى، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچ نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى بەلگىلىدى ھەمدە خىزمەتلەردە «سول چىل» ياكى «ئوڭ چىل» خاتا ئىدىيىلەرنىڭ كاشىلىسىنى تۈگىتىشكە دىققەت قىلىپ، تىرىشىپ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى تېپىپ چىقتى. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكى، دۆلىتىمىزدىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، كۈنسېرى روشەن نامايان بولماقتا. بۇ — پارتىيىمىزنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى، شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۇنيا كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە قوشقان يېڭى تۆھپىسى.

70 يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىز ئىنتايىن جاپالىق، ئىنتايىن شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. پارتىيىمىز دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن كونا دېموكراتىك ئىنقىلابتىن يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابقا ئۆتۈش جەريانىنى، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ تارىخىي جەرياننى باشتىن كەچۈردى. ھەر قېتىملىق تەرەققىيات بىر قېتىملىق سۈپەت ئۆزگىرىشى بولۇپ، بىز بەلگىلىگەن نىشانغا

قاراپ بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىك. پارتىيىمىز ئومۇمىي ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە سىياسەت ئىجرا قىلىشتا، تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىشقا تولىمۇ دىققەت قىلىپ كەلدى، ئىدىيىۋى سەپتە، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە پارتىيە ئەزالىرى ۋە خەلققە سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، كوممۇنىزمنىڭ ئاكتىپ ئامىللىرىنى پائال ئىلگىرى سۈردى ۋە يېتىشتۈردى. شۇڭا، جەمئىيىتىمىزدە، تارىخىي ۋە رېئال سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، فېئودالىزم ۋە كاپىتالىزمنىڭ رەزىل، چىرىك نەرسىلىرى قېپقالغان ۋە پەيدا بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن كوممۇنىستىك ئىدىيىگە ئىگە ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلار ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىپ، نۇر چاقناپ، كىشىلەرگە پارلاق ئىستىقبال ۋە ئىلھام بېغىشلىدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تارىخىي بۇرچى شەرەپلىك، شۇنداقلا مۇشەققەتلىك. پارتىيە ۋە خەلقنىڭ بۇ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى زىممىسىگە ئېلىش - ئالالماسلىقتىكى ئاچقۇچ — ئۆز تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتىپ، ھەقىقىي پرولېتارىيات پارتىيىۋىلىكىنى چېنىقتۇرۇشتا. كومپارتىيە ئەزالىرى قەتئىي كوممۇنىستىك ئېتىقادقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئومۇرۋايەت شۇ مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىم. پارتىيىمىزنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىگە 70 يىل تولغان بۈگۈنكى كۈندە، بىز پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى ياد ئېتىپ، كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان سانسىزلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرمەكتىمىز. ئۇلار ئۆز قولى بىلەن ياراتقان ئىشلارغا بىز مۇشۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئوبدان ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي، بەلكى كېيىنكى ئەۋلادلارغا مۇكەممەل تاپشۇرۇپ بېرىمىز. بۇندىن 100 نەچچە يىل ئىلگىرى ماركس بىلەن ئېنگېلس ئەقىل ئىدراكى بىلەن سوتسىيالىزمنى خىيالدىن ئىلمىيلىققا راۋاجلاندۇرغان ئىدى، شۇندىن كېيىن كوممۇنىزم ھەرىكىتى دۇنيا مىقياسىدا ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. گەرچە بەزىدە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، بەزىدە تۆۋەنلەپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئىنسانلار جەمئىيىتى ھامان كوممۇنىزمغا ئۆتىدىغان تارىخىي ئېقىمنى ھېچقانداق كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ. بۇ ھەقىقەت ئېتىراپ قىلىنغانلىقتىن، ئىنقىلابىي قۇربان شيامىڭخەن جاللاتلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا «باش كەتسىمۇ كېرەك يوق، يولىمىز بولسا ھەقىقەت» دېگەن مەردانە قەسەمنى قىلغان، ئىنقىلابىي قۇربان فاڭ جىمىڭ ئىنقىلاب ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاپ تاكى قۇربان بولغانغا قەدەر «نامرات» لىقتا ئۆتكەن، لېي فېڭ «ئۆزىنىڭ چەكلىك ھاياتىنى چەكسىز خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا بېغىشلىغان. ئۇلار كومپارتىيە ئەزاسى دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇناسىپ، مەڭگۈ بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىمىز!

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىقى، قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن 70 يىل كۈرەش قىلدى، بۇندىن كېيىن يەنە داۋاملىق كۈرەش قىلىدۇ. پۈتۈن مەملىكەتتىكى 50 مىليون كومپارتىيە ئەزاسى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، يۈيگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشىدەك روھ بىلەن جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان ئىشلىشىمىز كېرەك. قەتئىي ئىرادە ۋە جۈرئەت ھەممىنى يېڭىپ چىقىدۇ. خۇددى ماۋجۇشى ئېيتقاندەك: بىز خۇدانى تەسىرلەندۈرەلەيمىز، بۇ خۇدا — باشقا بىرسى ئەمەس، پۈتۈن جۇڭگودىكى خەلق ئاممىسى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى خەلق كوممۇنىستىك پارتىيىنى ھىمايە قىلسا، يەڭگىلى بولمايدىغان يەنە قانداق قىيىنچىلىق بولسۇن، چىققىلى بولمايدىغان قانداق ئېگىز چوققا بولسۇن؟ بىز جەزمەن مۇشكۈل خەتەرنى يېڭىپ، كوممۇنىزمنىڭ پارلاق چوققىسىغا چىقالايمىز!

# جۇڭگو كوممۇنستك پارتيسى — شنجاڭدكى ھەر مىللەت خەلقى مەنپەئەتنىڭ سادىق ۋەكلى

## جۇڭگو كوممۇنستك پارتيسى قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقنى خاتىرلەيمز

ۋاڭ شى

• جۇڭگو كوممۇنستك پارتيسى ئنسانيەت تارىخى تەرەققياتى داۋامدا توپتوغرا 70 يىلنى بېسىپ ئۆتتى. شنجاڭدىن ئبارەت بۇ بپايان زېمىندا، پارتيەمز يېرىم ئەسردىن كۆپرەك شانلىق ئىز قالدۇردى. مۇشۇ ئەسرنىڭ 30 - يىللىرىدا بىرىنچى تۈركۈم جۇڭگو كوممۇنستلىرى شنجاڭغا كېلىپ ئنقلاب ئۇرۇقىنى چاچقان ئدى، 1949 - يىلى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شنجاڭغا كېلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتيە تەشكىلاتلىرى ۋە خەلق ھاكىمىيتىنى قۇردى، جۇڭگو كوممۇنستك پارتيسى ھازىرغا قەدەر شنجاڭدكى ھەر مىللەت خەلقنى يېتەكلەپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە، غەيرەت - شجائەت بىلەن ئشلەپ، شنجاڭ تارىخىدا مىسلىسىز شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئەڭ پارلاق سەھپە ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتيىنىڭ تەشەببۇسى ئومۇميۈزلۈك ئاڭلىنىشقا ئېرىشتى، پارتيىنىڭ ئناۋىتى زور دەرىجىدە ئۆستى، پارتيىنىڭ شانلىق ئوبرازى شنجاڭدكى 15 مىليون ھەر مىللەت خەلقنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتتى. ھەر مىللەت خەلقى ئۆز مىللىتىنىڭ ئېچىنىشلىق تارىخى ۋە بەختكە ئنتىلىشى ئارقىلىق، شۇنداق بىر يېمىرىلمەس ھەقىقەتنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىكى، پەقەت جۇڭگو كوممۇنستك پارتيسىلا شنجاڭدكى ھەر مىللەت خەلقى مەنپەئەتنىڭ سادىق ۋەكلى، پەقەت كوممۇنستك پارتيىگە ئەگىشىپ سوتسيالزم يولىدا ماڭغاندىلا، مىللەتلەر تامامەن باراۋەر بولۇش، ئورتاق گۈللىنىش گۈزەل ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

### جۇڭگو كوممۇنستك پارتيسنىڭ رەھبەرلىكدە، شنجاڭدكى ھەر مىللەت خەلقى مىڭ يىللىق ئۆمۈر كىشەننى پاچاقلاپ تاشلاپ، قەد كۆتۈرۈپ، خوجايىن بولۇپ، سوتسيالزمنىڭ داغدام يولىغا ماڭدى

شنجاڭ ئەزەلدىن ۋەتنمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، بۇ زېمىنىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراپ بولۇشى ۋەتنمىزنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان، جۇڭگونىڭ يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكىلىك جەمئىيەتكە چۈشۈپ قېلىشىغا ئەگىشىپ، شنجاڭمۇ ئىزچىل تۈردە جاھانگىرلىك ۋە فېئودال كۈچلەرنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قېلىپ، ھەر مىللەت خەلقى چوڭقۇر ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان ئدى. گەرچە شنجاڭ خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى بىر كۈنمۇ توختاپ قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن - كېسىل غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن ئدى.

جۇڭگو كوممۇنستك پارتيسى دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپلا شنجاڭدكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلگەن ئدى، تارىخي شارائىتلار ۋە شنجاڭنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇھىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، تاكى شنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر جۇڭگو كوممۇنستك پارتيسى شنجاڭدا پارتيە تەشكىلاتى قۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن پارتيە رەھبەرلىك قىلغان يېڭى دېموكراتىك ئنقلابىنىڭ دولقۇنى باشتىن - ئاخىر دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى بۇ قەدىمي، شۇنداقلا بىكىنمە زېمىنغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن ئدى. 1930 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، كوممۇنستك ئنتېرناتسىئونال بىر تۈركۈم كوممۇنستلارنى

كېيىنى - كېيىندىن شىنجاڭغا ئەۋەتتى، ئۇلار ماركسىزم ھەقىقىتىنى ۋە پارتىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئىنقىلابىي كۈرەشنى قانات يايدۇردى. 1937 - يىل 4 - ئايدا، جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسى غەربىي لىنىيە ئارمىيىسىنىڭ سول ئارماق قىسمىدىكى 400 دىن ئارتۇق كىشى شىنجاڭغا كېلىپ، پارتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى ئېخىمۇ كېڭەيتكەن ئىدى. بولۇپمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلاشنىڭ ئالدى - كەينىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىلگىرى - ئاخىر چېن يۈن، تېڭ دەيۈەن، دېڭ فا، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەر ۋەكىللىكىدىكى 130 دىن ئارتۇق كوممۇنىستلارنى شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ ئورناتقان. بۇ بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار ئىنتايىن مۇرەككەپ كۈرەش شارائىتىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا فاڭجېنىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنى ۋە پارتىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە شىنجاڭدا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشىپ ھەر ساھەدىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ، غەربىي شىمال خەلقئارا قاتناش لىنىيىسىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۇرۇشىغا كۈچلۈك ياردەم بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىرلىكسەپتىكى قانۇنىي ئورنىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ مالىيە - پۇل مۇئامىلە، ئاخبارات - نەشرىيات ۋە مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق خىزمەتلەردە زور كۈچ بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، تىرىشىپ خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا يۈكسەلدۈرگەن. 1942 - يىل 9 - ئايدا، شېڭ شىسەي جياڭ جېشى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. ئارقىدىنلا چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ، ۋۇ ماۋلىن، چياۋ گوجېن قاتارلىق مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى ئارقىمۇ - ئارقا ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلدى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ شىنجاڭدا چاچقان ئىنقىلاب ئۇرۇقى ئۆچۈپ قالمىدى. 1944 - يىلى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدا پارتلىغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. بۇ — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئويغانغانلىقىنىڭ ۋە دېموكراتىك ئىنقىلابقا ئاتلانغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى.

1949 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولۇش ھارپىسىدا تۇراتتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋجۇشى شىنجاڭنىڭ تارىخىنى ۋە شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش، ئۇلارنى ئۇرۇش جاراھەتلىرى ۋە زىيانغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن، دانالىق بىلەن شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 -، 26 - كۈنلىرى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تېلېگرامما يوللاپ ھەقىقەتكە قايتتى، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى.

شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - بېكىتۈەن 2 - جۈن ئالدىن يۈرەر قىسمى ۋە بىرونسۇيلىك تۈەنى يۇ مىڭگۈەندىن چىقىپ، شىڭشىڭشيادىن ئۆتۈپ، ھەيۋەت بىلەن شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى. ئارقىدىنلا، 2 - جۈننىڭ ئاساسىي قىسمى بىلەن 6 - جۈنمۇ تېز سۈرئەتتە غەربكە يۈرۈش قىلدى. 60 مىڭدىن ئارتۇق كوماندىر - جەڭچىلەر قەھرىتان سوغۇققا قارىماي، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، قار - مۇزلارنى كېچىپ، دالىدا يېتىپ - قوپۇپ، بىر تەرەپتىن ئۇزۇن يولنى بېسىپ يۈرۈش قىلىپ، بىر تەرەپتىن باندىتلارنى يوقاتتى. ھەربىي يۈرۈش داۋامىدا، ئارمىيىمىزنىڭ بارلىق قوماندان ۋە جەڭچىلىرى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۈچ چوڭ

ئىنتىزام، سەككىز دىققەتكە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئارمىيىسىنىڭ ھەممە يەردە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، خەلقنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مەنپەئىتى ئۈچۈن قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان ئالىي پەزىلىتىنى نامايان قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى شىنجاڭدا باندىتلار ئېغىر بالايى ئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن ئىدى. ئارمىيىمىز بىر يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە ئوسمان، يولۋاس، جانىمقان قاتارلىق باندىتلارنىڭ توپىلىڭىنى پۈتۈنلەي باستۇرۇپ، مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈلگەن 23 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئازاد قىلدى، 170 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ھەممىسىنى ئاممىغا ياندۇرۇپ بەردى. بىزنىڭ باندىت تازىلاش قوشۇنىمىز ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، زور قۇربانلارنى بەردى. پەقەت ئاراتۈرۈكنى قوغداش جېڭىدىلا، بىزنىڭ شەھەرنى ساقلاۋاتقان ۋە قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتكەن قىسىملىرىمىزدىن 90 دىن ئارتۇق كىشى قۇربان بولدى.

ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى شىنجاڭدا يەرگە فېئوداللار ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇراتتى، ئايرىم جايلاردا بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان يانچىلىق تۈزۈمى قالدۇقلىرى مەۋجۇت ئىدى. بۇ خىل ۋەھشىلەرچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېزىش تۈزۈمى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئېغىر دەرىجىدە چۈشەپ قويغان ئىدى. شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى 1951 - يىل كۈزدىن باشلاپ، شىنجاڭ يېزىلىرىدا ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى باشلاپ، فېئودال كۈچلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتكەن ئىدى. 1952 - يىل 9 - ئايدىن باشلاپ، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاكتىپ، ئېھتىياتچان، مۇقىم فاڭجېن قوللىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا كەڭ كۆلەمدە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى، بۇ ۋەزىپە 1953 - يىلنىڭ ئاخىرى پۈتۈنلەي ئورۇندىلىپ بولدى؛ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىمۇ بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى پاتال ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە راۋاجلاندۇردى. يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئورۇنلىنىشى بىلەن پومېشچىكلار سىنىپى يوقىتىلىپ، يەرگە بولغان فېئوداللىق ئىگىدارلىق تۈزۈمى بىكار قىلىندى، 7 مىليون 300 مىڭ مودىن ئارتۇق يەر ۋە باشقا مال - مۈلۈك مۇسادىرە قىلىنىپ ۋە ئۈتكۈزۈۋېلىنىپ، 650 مىڭ ئائىلىلىك يېرى يوق ۋە يېرى ئاز نامرات دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، كەڭ دېھقانلار سىياسىي جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ قەد كۆتەردى. يەر ئىسلاھاتى ئورۇنلانغاندىن كېيىن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يەنە يېزا ئىگىلىكى، قول سانائەت ۋە كاپىتالىستىك سودا - سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىلدى ۋە ئورۇندالدى. شىنجاڭ رايونىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ بىر قاتار دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەرلىكى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلدۇ. سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ تىكلىنىشى، شىنجاڭ جەمئىيىتىنى يېپيېڭى تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگۈزدى، خەلق ئاممىسى ئۆز تەقدىرىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆز قولىغا ئېلىپ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى؛ مىللىي زۇلۇمنىڭ سىنىپىي ئاساسىي قومۇرۇپ تاشلانغانلىقتىن، مىللەتلەر باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان، ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى؛ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ زور دەرىجىدە ئازاد بولۇشى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇردى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى. ئۈچ چوڭ ئۆزگەرتىشنىڭ غەلىبىلىك ئورۇندىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ پۈتۈن

مەملىكەت خەلقىگە ئوخشاشلا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىزمنىڭ داغدام يولىغا ماڭدى.

## پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا، ھەر مىللەت خەلقى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەملىشىشتەك سوتسىيالىستىك يېڭىچە مۇناسىۋەتنى ئورنىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئامانلىقى ۋە گۈللەپ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس ياراتتى

شىنجاڭ — دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك رايونى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى، تارىختىكى ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، شىنجاڭدا مىللىي زۇلۇم تۈزۈمىنى يولغا قويغان ئىدى. ئۇزاق مۇددەتلىك مىللىي زۇلۇم ھەمدە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن پەيدا بولغان مىللىي ئارازلىق ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇن بولىدىغان بىر چوڭ توسالغۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك نامراتلىقتىن، قالاقلىقتا چۆكۈپ قېلىشىدىكى مۇھىم مەنبە بولۇپ قالغان ئىدى.

شىنجاڭ ئازاد بولۇش بىلەن مىللىي مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىش رېئاللىققا ۋە ئىمكانىيەتكە ئايلاندى. 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى پېڭ دېخۇەيگە بەرگەن تېلېگراممىسىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پەقەت ئۇيغۇرلار (ۋە باشقا مىللەتلەر) بىلەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت ئورناتقاندىلا، خەلق دېموكراتىك شىنجاڭنى گۈللەندۈرەلەيدۇ.» شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ماۋجۇشى يەنە مۇنۇلارنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى: «مىللىي مەسىلىنى تۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش، مىللىي ئەكسىيەتچىلەرنى تامامەن يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان زور تۈركۈمدىكى كوممۇنىزمچى كادىرلار بولماي مۇمكىن ئەمەس.» يۇقىرىقى روھ بويىچە شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەرلەرنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم رەھبەرلىك خىزمىتىگە قويدى. پارتىيىنىڭ زور تۈركۈمدىكى مۇنەۋۋەر مىللىي كادىرلىرىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ تېز يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى ئۇدا ئېچىپ، ھەر قايسى مىللەت ئىلغارلىرىنى قوبۇل قىلىپ تەربىيىلەشنى قارار قىلدى. 1950 - يىلىلا 5000 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇلارغا تۇرمۇش جەھەتتە ئېتىبار بېرىپ، ھەربىي شىتاتقا كىرگۈزۈپ، بارلىق تۇرمۇش خىراجىتىنى ھەربىي رايون ئۈستىگە ئالدى. مۇشۇ بىر تۈركۈم كادىرلار تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، ئۇلار كەينى - كەينىدىن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا قويۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ۋە شىنجاڭغا كەلگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى مىللىي خىزمەت بىلەن باشقا خىزمەتلەرنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ھەر بىر خىزمەتنى قانات يايدۇرغاندا، شىنجاڭدىكى مىللىي، دىنىي ئەھۋالنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ، مىللىي، دىنىي ساھەدىكى يۇقىرى قاتلام ئەربابلارنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، مىللىي خىزمەتتە ئوتتۇرىغا چىققان ئېغىشلارنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى باندىتلارنى يوقىتىش، توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇش، ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، پارتىيە قۇرۇش، ھاكىمىيەت قۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىپلا قالماي، بەلكى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ، كەڭ كادىرلارنى

ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا تەربىيىلىنىپ، چېنىقىپ، تېز ئۆسۈپ يېتىلىپ، تۈرلۈك ئىشلىرىمىزنىڭ تايانچىسى بولۇپ قالدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىدا ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىمۇ زور ھۆرمەتكە ئېرىشتى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئاساسىدا، 1953 - يىل 10 - ئايدىن باشلاپ، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە توققۇز مىللىي يېزا، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق يەتتە مىللىي ئاپتونوم رايون، ئالتە مىللىي ئاپتونوم ناھىيە ۋە بەش مىللىي ئاپتونوم ئوبلاست قۇردى. 1955 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. بۇ — پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى مىللىي خىزمەتتە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور غەلىبىسى، شۇنداقلا، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى تارىخىي خاتىرە.

شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان 36 يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن چوڭ ئائىلىسىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن، خەلقنىڭ رايىغا ياقىدۇ، جەمئىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن، بۇ — مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسەت. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپچانلىقى زور دەرىجىدە قوزغىتىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەت راۋاجلاندۇرۇلدى، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى مۇستەھكەملەندى ۋە كۈچەيتىلدى، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

پارتىيىمىز شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەش داۋامىدا، باشتىن - ئاخىر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشنى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلدى. 1981 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن يېتەكچى ئىدىيە ۋە پرىنسىپ بويىچە، مىللىي مۇناسىۋەتتە ئوتتۇرىغا چىققان بەزى يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتتى. 1982 - يىل 11 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى ھەمدە ھەر يىلى 5 - ئاينى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» قىلىپ بېكىتىپ، 5 - ئايدىكى ئىتتىپاقلىق پائالىيىتى ئارقىلىق پۈتۈن يىل بويى ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، «ئىككى ئايرىلماسلىق» ئىدىيىسىنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ پائالىيەت ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش مەسىلىسى بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دىققەت ئېتىبارىغا ئېرىشتى ھەمدە تېزلا پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا كېڭەيتىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋە رېئال، خەلقئارا ۋە ئىچكى پاكىتلارنى نەزەردە تۇتۇپ، 1988 - يىلى 5 - ئايدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي خەۋپ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەردىن كېلىدۇ دەپ قايتا - قايتا تەكىتلىدى ھەمدە شۇ ئارقىلىق پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوقۇم قانات يايدۇرۇشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرىشىمىز «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» كە قارشى تۇرۇش، ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى تۇرۇش، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ شىنجاڭدا كونكرېت گەۋدىلىنىشى، شۇنداقلا ئاپتونوم

رايونىمىزدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن توغرا پىلان ۋە تەدبىر تۈزدى. 1990 - يىل 4 - ئايدا، بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تېزدىن بېسىقتۇرۇپ، ھەممە بۆلۈنى تېپ قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىغا مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ۋە زىيىنىنى ئېنىق تونۇتۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ باردى. ئۇنۇملۈك تەدبىر قوللىنىپ قانۇنسىز ئۇيۇشمىلارنىڭ دىن ۋە دىنىي پائالىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارغان پاراكەندىچىلىكىنى توستى ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي زەربە بەردى، دىنىي پائالىيەتكە ۋە دىنىي سورۇنلارغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، چەتتىن كېلىدىغان مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىگە قەتئىي تاقابىل تۇردى. يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشى تەرتىپكە سېلىنىپ ۋە كۈچەيتىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەش كۈچەيتىلىپ، «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابقا قارىتا ئاشكارا تەنقىد ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇنىڭ زەھەرلىرى تازىلاندى. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىز مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردۇق، شۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئامما مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ دېگەن ئىدىيىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت كۈچلۈك جامائەت پىكرىنى شەكىللەندۈردى.

### ئازادلىقتىن بۇيان، بولۇپمۇ ئون يىللىق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەر مىللەت خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، جاسارەت بىلەن كۈچىنىپ ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا سەممىي، ئاكتىپ ياردەم بېرىپ، قالاق قىياپىتىنى تېرىشىپ ئۆزگەرتىپ، تارىختىن قېپقالغان مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى پەرقنى پەيدىنپەي تۈگىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرىدىغان ماددىي ئاساسنى يارىتىش پارتىيىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئۇزاق مۇددەت چىڭ تۇرۇپ كەلگەن فاڭجېنى.

ئازادلىقتىن بۇرۇنقى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىي ئىنتايىن ئاجىز، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئىنتايىن قالاق، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن نامرات ئىدى. شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغا ئەگىشىپ، پارتىيىمىز شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، نامرات، قالاق قىياپىتىنى ئىمكانقەدەر تېز ئۆزگەرتتى. ئالدى بىلەن، ئېھتىياتچانلىق ۋە سالماقلىق بىلەن ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى كونا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن ئازاد قىلىپ ھەممە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇن كېلىدىغان يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى پەيدىنپەي ئورنىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ

ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر يۈرۈش فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى ۋە پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈردى. ئازاد بولغان 41 يىلدىن بۇيان، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى تەشەببۇس قىلىش شەرتى ئاستىدا، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز شىنجاڭغا ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى جەھەتلەردىن غايەت زور ياردەم بېرىپ، خەنزۇ رايونلىرىدىكى بىر قەدەر ياخشى تېخنىكا شارائىتى بىلەن شىنجاڭ رايونىدىكى مول بايلىق مەنبەسىنى بىرلەشتۈرۈش، شىنجاڭ رايونىدىكى بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى دۆلىتىمىزنى قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ستراتېگىيىلىك فاڭجېنى قىلىپ، ماۋجۇشىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى يىلدىن ـ يىلغا راۋاجلاندۇرۇش، ئىقتىسادنى يىلدىن ـ يىلغا گۈللەندۈرۈش، خەلق تۇرمۇشنى يىلدىن ـ يىلغا ياخشىلاش لازىم، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان تەلىپىنى ئىزچىل ئەمەلگە ئاشۇردى.

پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئارمىيىسى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، ئۆچمەس تۆھپە ياراتتى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرىش ھارپىسىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ھەر قايسى تەرەپلەردىن شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشىنى راۋاجلاندۇرۇش تەييارلىقىنى ئىشلىدى. شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ئۈستى ـ بېشىدىكى چاڭ توزانلارنى قېقىۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، بىر قولىغا مىلتىق، بىر قولىغا جوتۇ ئېلىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ئادەمزات ئاياق باسمىغان چۆللۈككە كىرىپ، داغدۇغىلىق ھالدا بۈيۈك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ 3 يىل كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، 1952 ـ يىلى 1 مىليون 600 مىڭ مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، 95 مىليون كىلوگرام ئاشلىق، 3 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ساپ پاختا ئالدى. چارۋىچىلىقنىمۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتۈن ئارمىيە بويىچە 30 مىڭ باش كالا، 550 مىڭ تۇياق قوي، 35 مىڭ چوشقا، 52 مىڭدىن ئارتۇق ئۆي قۇشلىرىغا ئىگە بولۇپ، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش نىسبىتى (قوشۇمچە ياردەم پۇلى، كىيىم ـ كېچەك، كۆكتات پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى 65% كە يەتكۈزۈپ، خەلقنىڭ يۈكىنى زور دەرىجىدە ئازايتتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بىر تۈركۈم سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلدى، بۇنىڭ بىلەن قىسمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى نەچچە 100 مىڭ مو دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنىڭ سۇغىرىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، يەرلىككە بەخت ـ سائادەت كەلتۈردى. مەسىلەن، يېزا ئىگىلىك 3 ـ شى 12 ـ تۇەننىڭ مارالبېشى ناھىيىسىدە ئۆزلەشتۈرگەن يېرى 10 مىڭ موغا يېتىدۇ، ئەمما ئۇلار ياسىغان خوڭخەيزى، گوخەيزى سۇ ئامبارلىرىنىڭ سۈيى 250 مىڭ مو يەرنى سۇغىرىشقا يېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ناھىيىنىڭ سۇ ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

شىنجاڭنىڭ نامراتلىق، قالاقلىق قىياپىتىنى ئىمكان قەدەر تېز ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، قىسىمدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكنى ئىقتىساد قىلىپ، مەبلەغ توپلاپ، ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ، شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى تۈركۈملۈك زامانىۋى قۇرۇلۇشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. 1950 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە، 1 ـ ئاۋغۇست پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى، 1 ـ ئىيۇل پاختا ـ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى (قوشۇمچە بوياقچىلىق زاۋۇتى)، ليۇداۋان ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كېنى، ئۆكتەبىر ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى، ۋېيخۇلياڭ ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۇلانباي سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، 1 ـ ئاۋغۇست ئۇن زاۋۇتى، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى قاتارلىق ئون نەچچە چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى زاۋۇت، كان، كارخانىلارنى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىپ، قىسقىغىنا بىر نەچچە يىل ئىچىدە قۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا

كىرىشتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن مەركەز ۋە شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى بۇ كان، كارخانىلارنىڭ بارلىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى، خادىملىرى ۋە باشقا مەبلەغ ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. زامانىۋىلاشقان چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى بۇ تايانچ كارخانىلار شىنجاڭنىڭ سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى، ھەمدە شىنجاڭنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد سانائەت ئىشچىلىرى قوشۇنىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

ئۈچ يىللىق بۈيۈك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنىڭ مول مېۋىلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تەقدىم قىلغان بىرىنچى سوۋغىسى، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «سىلەرنىڭ شىنجاڭغا بېرىشىڭلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپەڭلەر ھەر مىللەت خەلقىگە كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش» دېگەن يوليورۇقىنى كونكرېت ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ جانلىق گەۋدىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1953 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ماۋجۇشىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسمى دۆلەت مۇداپىئە قىسمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قىسمى دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش قىسمى قارمىقىدا ئون يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇش شىسى، بىر بىناكارلىق شىسى، بىر نەچچە بىناكارلىق تۇەنى، ئاپتوموبىل ترانسپورت تۇەنى ۋە بىر تۈركۈم زاۋۇت، كان، كارخانىلار تەسىس قىلىندى. شۇ ئاساستا، 1954 - يىلى 10 - ئايدا، مەركەزنىڭ تەستىقى بويىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇرۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى مۇھىم قوراللىق كۈچ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش كۈچى. 30 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش داۋامىدا، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى جەڭگىۋار قوشۇن، خىزمەت قوشۇنى، ئىشلەپچىقىرىش قوشۇنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. بولۇپمۇ خەلق ئارمىيىسى كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىلمىي ئاساستا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچى ۋە نەمۇنىلىك رولى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ زامانىۋى ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. شىنجاڭ رەھبەرلىك، پىلانلىق ھالدا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى باشلاپ، 1953 - يىلدىن 1957 - يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1 - بەش يىللىق پىلانىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. 2 - بەش يىللىق پىلان ئارقىلىق 1965 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىغا ئون يىل توشقان ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت قولغا كەلتۈرۈلدى. 1949 - يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئىككى ھەسسە ئاشتى، سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ۋە ئېرىلغۇ يەر كۆلىمى ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. سانائەت جەھەتتە، تېخىمۇ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش بولدى، ئاپتونوم رايونىمىزدا توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك، قار - قۇر بۇيۇملىرى، قەغەزچىلىك، قەنت، خۇرۇم قاتارلىق يېنىك سانائەتلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پولات - تۆمۈر، نېفىت، كۆمۈر، ئېلېكتر، ماشىنىسازلىق، خىمىيە سانائىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى قاتارلىق ئېغىر سانائەتلىرىمۇ بىر قەدەر مۇكەممەل سىستېما بولۇپ شەكىللەندى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مەركىزى يۆتكەلدى؛ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، ئائىلىلەر بويىچە تارقاق ئىگىلىك باشقۇرۇش بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش مۇلازىمەت قىلىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش

تۈزۈلمىسى يەدىنىيەي قۇرۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىگىلىك قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولۇشقا قاراپ يۈزلەندۈرۈلدى، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ئىزغا سېلىندى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ئىشقا سېلىندى. شەھەرلەردە، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش مەركەز قىلىنغان كارخانا ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئاشۇرۇلدى. 1981 - يىلى دۆلەتنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىز ئېكسپورت كەسپىنى ئۈنۈملۈك تۈز ئالدىغا باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، خەلقئارالىق بازارغا بىۋاستە كىردى، چېگرا ئېغىزلىرىنى ئېچىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، چەت ئەل مەبلىغىنى شىنجاڭغا كېلىپ كارخانا قۇرۇشقا جەلپ قىلىپ، بىر تۈركۈم ئىلغار تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈپ، تاشقى سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كېڭەيتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش داۋامىدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بىر قولدا ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ۋە ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق خىزمىتىنى باشتىن - ئاخىر بوشاشتۇرماستىن تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. كونكرېت قىلغاندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ ئاساس ئورنىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ بىرىنچى ئورنىغا قويدى؛ ئېنېرگىيە، قاتناش، خام ئەشيا - ماتېرىيال، ئالاقىلىشىش قاتارلىق ئاساس ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتتى؛ تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن مالىيە كىرىمىنى كۈچەيتىپ، جۇغلانما سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. مائارىپ، پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، مائارىپقا تايىنىپ تۈرلۈك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى راۋاجلاندۇردى ۋە ئىلگىرى سۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى، ئىسلاھاتنى قەتئىي تەۋرەنمەي چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، ئاپتونوم رايونىمىزنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 12 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاساسىي ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر بويىچە 6 -، 7 - بەش يىللىق پىلان ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، ئومۇمىي ئىجتىمائىي تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتۇرۇلدى. 1990 - يىلى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 25 مىليارد 188 مىليون يۈەن بولۇپ، 1978 - يىلىكىدىن %14.88 ئاشتى؛ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 45 مىليارد 865 مىليون يۈەن بولۇپ، 1978 - يىلىدىكىدىن %15.81 ئاشتى؛ مىللىي دارامەت 20 مىليارد 495 مىليون يۈەن بولۇپ، 1978 - يىلىدىكىدىن %16.63 ئاشتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا 13 يىل مول ھوسۇل ئېلىندى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق ئۈنۈملۈك ئاشتى، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1990 - يىلى 14 مىليارد 465 مىليون يۈەنگە يەتتى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىش بويىچە مۇئەييەن ئېشىش سۈرئىتى ساقلاپ قېلىندى، مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسى ياخشىلاندى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليارد 992 مىليون يۈەنگە يەتتى. شەھەر - يېزا بازارلىرى ئاۋات بولدى، مال باھاسى ئۈنۈملۈك تۇردە تىزگىنلەندى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى روشەن ئۆستى، مالىيە كىرىمى مۇقىم ئاشتى. مائارىپ، پەن - تېخنىكا،

مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلاردىمۇ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانى غەلىبىلىك ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. 12 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئاساسىي جەھەتتىن ئۇدا، مۇقىم، ماسلاشقان ھالدا راۋاجلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتى مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى. بۇ، شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيانقى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ئەڭ ياخشى بولغان تارىخىي دەۋرلەرنىڭ بىرىدۇر. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە تامامەن ئۇيغۇن.

شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، دۆلىتىمىز شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن زور دەرىجىدە مەدەت ۋە ياردەم بەردى. بىر قاتار ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزگەندىن باشقا، مالىيە جەھەتتىمۇ زور ياردەم بەردى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1950 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە، دۆلەت 26 مىليارد 640 مىليون يۈەن پۇل ئاجرىتىپ شىنجاڭنىڭ مالىيەسىگە ياردەم قىلدى، بۇ شىنجاڭ مالىيەسىدىكى ئومۇمىي چىقىمنىڭ 61.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. دېمەك، شىنجاڭ مالىيەسىدىن خەجلىنىۋاتقان ھەر 100 يۈەننىڭ 61.6 يۈەنى مەركەز ياردەم قىلغان پۇل. دۆلىتىمىزنىڭ شۇنداق زور دەرىجىدە قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى پارتىيىمىزنىڭ قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئىرادىسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تارىم نېفىتلىكىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش بويىچە زور بۆسۈپ ئۆتۈش بولدى، تۇرپان، قۇمۇل ئويمانلىقىدىكى نېفىت مەنبەسىدىمۇ زور بايقاش بولدى. بولۇپمۇ دۆلىتىمىزنىڭ نېفىت سانائىتىگە قوللانغان «شەرقنى مۇقىملاشتۇرۇش، غەربنى راۋاجلاندۇرۇش» تىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېنى، يېزا ئىگىلىك ۋە ئېنېرگىيە، قاتناش، خام ئەشيا - ماتېرىياللار سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش سىياسىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئاكتىپ يۆلەش سىياسىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بايلىق مەنبەسىدىكى يوشۇرۇن ئۈستۈنلۈكنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىش ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. ياۋروپا بىلەن ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى تۇتاشتۇرىدىغان 2 - كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي لىنىيە بويىچە قاتناشنىڭ يولغا قويۇلۇشىمۇ شىنجاڭنىڭ قۇرۇقلۇق چېگرىسى بويىچە سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، «ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بىرلىشىپ چەتتىن كىرگۈزۈش، شەرق بىلەن بىرلىشىپ، غەربكە ئېكسپورت قىلىش» نى كېڭەيتىش ئۈچۈن قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، بۇ تارىخىي خاراكتېرلىك پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بۇندىن كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە 2 - قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئون يىللىق پىلانىنى ۋە 8 - بەش يىللىق پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ بولسىمۇ: ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى زور كۈچ بىلەن ئۆس- تۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ياخشىلاش ئاساسىدا، مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 1980 - يىلدىكىگە قارىغاندا ئىككى بېرىم (1980 - يىلدىكى تۈزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلى- غاندا) قاتلاش، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى 1000 دوللارغا يەتكۈزۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. شۇنداقلا بۇ ئۇلۇغۋار ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ توغرا يېتەكچى فاڭجېنى ۋە قەدەم باسقۇچلىرى بەلگىلەندى. ھەر مىللەت خەلقى بۇنىڭدىن زور دەرىجىدە ئىلھام ئېلىپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن 2 - قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە ئاتلىنىپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلماقتا.

143 يىل ئىلگىرى، ماركس بىلەن ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» دە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «كوممۇنىستلارنىڭ باشقا پرولېتارىيات پارتىسلىرىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى پەقەت شۇكى، بىر تەرەپتىن، ھەر قايسى مەملىكەت پرولېتارلىرىنىڭ كۈرەشلىرىدە كوممۇنىستلار پۈتۈن پرولېتارىياتنىڭ مىللەت ئايرىمايدىغان ئورتاق مەنپەئىتىنى تەكىتلەيدۇ ۋە بۇنىڭدا چىڭ تۇرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بېسىپ ئۆتىدىغان ھەر بىر تەرەققىيات باسقۇچىدا كوممۇنىستلار باشتىن - ئاخىر پۈتۈن ھەرىكەتنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ئېلىپ بارغان كۈرەش تارىخى ئىنقىلابىي ئۇستازلارنىڭ بۇ ئىلمىي ھۆكۈمىنى دەلىللەپ بەردى. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىنى ئىگىلەپ، تارىخنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىگىلەپ، ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتكە قاراپ، توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى بەلگىلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ خەلق مەنپەئىتىدىن باشقا، ئۆزىنىڭ ھېچقانداق خۇسۇسىي مەنپەئىتى يوق، شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى ۋە بارلىق تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلالايدۇ.

ئازاد بولغان 41 يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، ئىقتىسادنى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى روشەن ياخشىلاشتەك ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ پارتىيىنىڭ شانلىق تارىخىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق بىز شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىغان بولسا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەد كۆتۈرۈپ ئازادلىققا چىقىشى بولمىغان بولاتتى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىغان بولسا، شىنجاڭنىڭ گۈللەپ ياشنىغان بۈگۈنكى كۈنى بولمىغان بولاتتى، بۇ بىزنىڭ پارتىيىنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيۈش، پارتىيىگە ئەگىشىپ سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئىرادىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ.

باش شۇجى جياڭ زېمىن يولداش شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيىسى مۇقىم ئىتتىپاقلىقنى كۆزلەيدۇ، تەرەققىياتقا تەلمۈرىدۇ، باي - قۇدرەتلىك بولۇشقا ئىنتىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ئىشىنىمىزكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى تېخىمۇ سەلتەنەتلىك بولغۇسى!

(بېشى 62 - بەتتە)

ماتېرىيالىزم ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزم؛ ماركسنىڭ ئىقتىسادىي تەلىماتى — ماركسىزمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى» دەپ كۆرسەتكەن. لېنىن يەنە 1915 - يىلى «ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ بەربات بولۇشى» دېگەن ئەسىرىدە «ماركسىزم — پرولېتارىيات ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ نەزەرىيىسى» دېگەن. بۇ يەردە ماركسىزمنىڭ پرولېتارىيات سىنىپىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېنىق بېرىلگەن.

كېيىن ستالىن لېنىننىڭ يۇقىرى تەبىرىنى تېخىمۇ ئاممىباپلاشتۇرۇپ ۋە تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ: «ماركسىزم — تەبىئەت ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى پەن، ئېزىلگۈچى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئاممىنىڭ ئىنقىلابىي توغرىسىدىكى پەن، سوتسىيالىزمنىڭ بارلىق ئەللەردە غەلىبە قازىنىشى توغرىسىدىكى پەن، كوممۇنىزم جەمئىيىتى قۇرۇش توغرىسىدىكى پەن» دەپ تەبىر بەرگەن.

ئومۇمەن ماركسىزم دېگەن ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىشى ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياننىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ، ماركسىزمنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى بىلەن زىچ باغلانغان.

# پارتيه رەهبەرلىكى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى

لۇڭ جاۋنيەن
(ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى هەر مىللەت خەلقى پارتيه 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 7 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ، 7- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - سانلىق يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك پارتيه قۇرۇلتىيىنىڭ روهىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، جاسارەت - غەيرەت بىلەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 2 - قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىغا قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 70 يىللىقىنى كۈتۈۋالماقتىمىز. پارتيه قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭدىكى پارتيه قۇرۇلۇشى تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئىنتايىن چوڭقۇر ئەهمىيەتكە ئىگە. 40 نەچچە يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭدىكى پارتيه قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىرى شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولغانلىقى ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك؛ كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، شىنجاڭدىكى پارتيه قۇرۇلۇشىمۇ چېگرا رايوننىڭ گۈللىنىشى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شىنجاڭ ئازاد بولغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتيه تەشكىلاتىنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى هەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتيىگە تەلپۈنگەنلىكىنىڭ جانلىق، كونكرېت ئىپادىسى. شىنجاڭدىكى پارتيه تەشكىلاتى هەر مىللەت خەلقىغە رەهبەرلىك قىلىپ، مىسلىسىز جاپالىق كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، نۇرغۇن سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، غەلىبىسىرى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرلەپ، شىنجاڭنىڭ قىياپىتىدە يەر - جاهاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى هەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتتى، خەلق ئاممىسى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك زىچ مۇناسىۋەت ئورناتتى. شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقى شۇنى چوڭقۇر هېس قىلدىكى، كوممۇنىستىك پارتيه بولمىغان بولسا، يېڭى جۇڭگو بولمىغان بولاتتى؛ كوممۇنىستىك پارتيه بولمىغان بولسا، شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى بولمىغان بولاتتى، بۈگۈنكى ئىقتىساد گۈللەنگەن، جەمئىيەت مۇقىم بولغان، خەلق ئىناق، بەختلىك بولغان يېڭى شىنجاڭ بولمىغان بولاتتى.

تارىخنى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئازادلىقتىن ئىلگىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدا پارتيه تەشكىلاتى قۇرمىغان ئىدى. 1949 - يىلى 9 - ئايدا، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، پارتيه مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدىكى پارتيه قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، شىنجاڭدىكى پارتيه قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە كۆپ قېتىم ئېنىق، كونكرېت يوليورۇق كۆرسەتتى. 1949 - يىل 10 - ئايدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن پارتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى رەهبەرلىك ئورگىنى — ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى تەسىس قىلىندى. 1949 - يىل 11 - ئايدا، مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىغا بەرگەن «شىنجاڭدا پارتيه قۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇق» تا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «هازىردىن باشلاپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى تەشكىلاتىنى قۇرۇش هەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئىلغارلارنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىشنى، بىزنىڭچە مۇۋاپىق دەپ قارايمىز.» مەركەزنىڭ بۇ يوليورۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى جايلاردا پارتيه تەشكىلاتى قۇرۇپ، پارتيىگە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلدى. 1951 - يىل 4 - ئايغا قەدەر يەنى تۇنجى قېتىملىق مەملىكەتلىك تەشكىلات خىزمىتى يىغىنىغا قەدەر، پارتيىگە 1087 نەپەر ئەزا قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان پارتيه ئەزاسى 874 نەپەر. 1952 - يىلىنىڭ

ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭدىكى 81 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ھەممىسىدە ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتى تەسىس قىلىندى، ھەممە كۆپلىگەن ناھىيىلەرگە بىۋاسىتە قاراشلىق رايونلاردا رايونلۇق پارتكوم تەسىس قىلىندى، بىر قىسىم يېزىلاردا پارتىيە ياچېيكىسى تەسىس قىلىندى. 40 نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىسىدا، شىنجاڭدىكى پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى زور دەرىجىدە راۋاجلىنىپ، 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، پارتىيىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى 50 مىڭدىن ئاشتى، پارتىيە ئەزالىرى 700 مىڭغا يەتتى. تېخىمۇ خۇشاللىنارلىقى شۇكى، ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورىيىپ 260 مىڭغا يېتىپ، شىنجاڭدىكى ئومۇمىي پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 37.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى بۇ مەقسەتنى ئىزچىل مەھكەم ساقلاپ، باشتىن - ئاخىر ئىشچىلار سىنىپى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىدىن باشقا، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتى يوق، ھەممە ئىشتا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىش، ھەممە ئىشتا ھەر مىللەت خەلقىگە تايىنىش، ھەممە ئىشتا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، شىنجاڭدىكى پارتىيە تەشكىلاتى ۋە كومپارتىيە ئەزالىرى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش كېرەك» دېگەن يوليورۇقىغا ئەمەل قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، جاپا - مۇشەققەتتىن، ھېرىش - چارچاشتىن قورقماي، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، نامرات دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى قوزغاپ، توپىلاڭنى تىنچىتىش، ئامانلىقنى قوغداش، ھاكىمىيەت قۇرۇش، ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش پائالىيەتلىرىدە مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. ئىشلەپچىقىرىشنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەكنى تېجەپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، شىنجاڭدا بىرىنچى تۈركۈمدىكى سانائەت - يېزا ئىگىلىك بازىسى قۇردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭ خەلقى ئون يىلغا يېقىن جاپاغا چىداپ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئورۇنداپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس ياراتتى. 1960 - يىل 2 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق 1 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - سانلىق يىغىنىدا: «بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى سەپەرۋەر قىلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى تېزلىتىش» ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، يۈكسەك سىياسىي قىزغىنلىق بىلەن شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا ئاتلاندى. ئۈچ يىللىق تەبىئىي ئاپەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ياخشىلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىدىكى ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشى داۋامىدا، زور بىر تۈركۈم ئاممىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشكەن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى مەيدانغا چىقتى، مەسىلەن، ئاپتوموبىلنى ئۆز ھاياتىدەك قەدىرلەيدىغان، 300 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى چوڭ رېمونتسىز بىخەتەر بېسىپ مەملىكەتلىك رېكورت ياراتقان ئەمگەك نەمۇنىچىسى سۇ چاڭفۇ؛ ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي، چېگرا رايوننى قوغداش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى پىدا قىلغان ئۇرۇش قەھرىمانى لو گۇاڭشىي ۋە ئىسمايىل مەھەممەتلەر. كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بىلەن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى پارتىيە بايرىقى ئاستىدا زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆرلۈك ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي

كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەركەزنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرى يەنە يېپيېڭى قىياپەت بىلەن ئىسلاھات دولقۇنىغا ئاتلاندى. ئۇلار تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇشنىڭ سىناقلىرىغا ئاڭلىق بەرداشلىق بەردى. ئۇلار دادىل يول ئېچىپ، ئاكتىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئۆزگىرىۋاتقان ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ھەل قىلدى؛ ئۇلار دادىل ئىزلىنىپ، تەسلىكنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىشقا ئىنتىلىپ، ئىسلاھات ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا يۈكسەلدۈردى؛ ئۇلار پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاڭلىق كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغدىدى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1985 - يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان 61 كىشىنىڭ 49 ى كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەن؛ مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن 146 كىشىنىڭ 113 ى كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەن؛ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالانغان 146 كىشىنىڭ 116 سى كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەن؛ ئاپتونوم رايون بويىچە تەقدىرلەنگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار شەخس ئىچىدە كومپارتىيە ئەزاسى 80 پىرسەنتتىن ئارتۇق ئىكەن.

پارتىيە قۇرۇلۇشىدا، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى باشتىن - ئاخىر ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن پارتىيىنى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەزەرىيە، سىياسىي، ئىدىيىۋى ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. پارتىيىنىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز يېڭى دەۋردە دۇچ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەت ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىغا ئاساسەن، پارتىيە ئەزالىرىغا ماركسىزملىق ئاساسىي نەزەرىيە، پارتىيىگە ئائىت ئاساسىي بىلىملەر ۋە ئاساسىي لۇشيەن مەزمۇن قىلىنغان ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. شۇنداقلا، تەجرىبىلەر ئۈزلۈكسىز يەكۈنلىنىپ، پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسىنىڭ شەكلى ۋە ئۇسۇلى ياخشىلىنىپ، ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈش دېموكراتىك مۇھاكىمە، ئۆزىنى - ئۆزى تەربىيىلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى، چوڭقۇر، ئىنچىكە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە قاتنىشىش پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن تەربىيىنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى بازىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى، پارتىيىنىڭ ئىدىيە - نەزەرىيە قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى. 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدا ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە مەكتىپىدىن 105 ى قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بەشتىن بىر قىسىم يېزا - بازارلىرىدا پارتىيە مەكتىپى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇش»، «پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاش» قاتارلىق پائالىيەتلەر كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. 1987 - يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا 313 ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى، 401 نەپەر مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى ۋە 261 نەپەر مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىسى تەقدىرلەندى. تىپلارنى تۇتۇش ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى خىزمىتى كۈچلۈك دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى — پارتىيىمىزنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشتىكى ئاساسى. شىنجاڭدا پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى باشلىنىش بىلەنلا پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىغا

ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن ئىدى. ئالدى بىلەن، ئورگانلاردا ۋە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، ئاندىن زاۋۇت، كان، كارخانىلاردا ۋە مەكتەپلەردە پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلغان ئىدى. تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، ھەر قايسى ئورۇنلار، تارماقلار، ھەر قايسى سەپلەردە پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئون يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىقتا، پارتىيە تەشكىلاتى بىر مەزگىل ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، خېلى ساندىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى پالەچ، يېرىم پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدى. لېكىن، بۇ خىل ھالەت «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىتچىت قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تېز ئۆزگەرتىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئۆقتىلىق ھالدا مۇنداق بىر نەچچە ئىشنى تۇتتى: بىرىنچى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەردى. ئالدى بىلەن، كادىرلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇش ئاساسىدا، ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى تولۇقلاپ سەپلەندى، ئاندىن رەھبەرلىك بەنزىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان ياش جەھەتتىن چوڭراق بولۇپ كېتىش، مەدەنىيەت سەۋىيە تۆۋەنرەك بولۇپ قېلىش، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالماسلىق مەسىلىلىرىگە ئاساسەن، كادىرلارنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىملىك ئەھلىگە، كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش بويىچە بىر تۈركۈم پارتىيىۋىلىكى كۈچلۈك، ياش، مەدەنىيەتلىك، تېخنىكىنى بىلىدىغان، باشقۇرۇشنى بىلىدىغان مۇنەۋۋەرلەرنى تاللاپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە تاۋار ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ئىككىنچى، تۈزۈم قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمى ئورنىتىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، پارتىيە تۇرمۇشى نورماللاشتۇرۇلدى. ئۈچىنچى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىندى، بولۇپمۇ پالەچ، يېرىم پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار ئۇدۇللۇق تەرتىپكە سېلىندى. يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئارقىلىق، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي يادرولۇق ۋە جەڭگىۋار قورغانلىق رولى بىر قەدەر ياخشى جارى قىلدۇرۇلدى.

پارتىيىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش داۋامىدا، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش، تەنقىد، ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ۋە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇش قاتارلىق بىر مۇنچە ئېسىل ئەنئەنە ۋە ئىستىلنى شەكىللەندۈرگەن. شىنجاڭدا پارتىيە قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي تەركىبىي جاپالىق ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىدىن تەركىب تاپقان ئىدى. ئۇلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئىستىلى جارى قىلدۇرۇلۇپ، پارتىيىمىز ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا، «سول» پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئىستىلى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرىنى لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ پارتىيىنىڭ ئېسىل ئىستىلىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان سەپسەتىلىرىنى چوڭقۇر تەنقىد قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى. پارتىيە نىزامنامىسى ۋە «مىزان» نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، پارتىيىنىڭ

لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، تۈزەش، ئەرتىپكە سېلىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيىنى قاتتىق تۈزەش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، چىرىكلىككە قەتئىي زەربە بەردى، پارتىيە ئىستىلى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئورناتتى، دەرىجىمۇ - دەرىجە ئۆتۈپ، كەڭ ئامما كۈچلۈك ئىنكاس قوزغاۋاتقان زور بىر تۈركۈم مەسىلەرنى ھەل قىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بولۇپمۇ، پارتىيىنىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئومۇمىي يىغىننىڭ قارارىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، زور تۈركۈم كادىرلارنى ئاساسىي قاتلامغا ئەۋەتىپ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ، ئاساسىي قاتلاملارنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى.

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيانقى 40 يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى. نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەت ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، پارتىيىمىز ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ سىناققا دۇچ كەلدى. پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش پۈتۈن پارتىيىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. بىز ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىگىمىزنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭ خەلقىگە مەسئۇل بولۇش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە، ئىستىقبالىغا مەسئۇل بولۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىدا ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىشىمىز لازىم. پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، دېموكراتىيە، مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە، رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە پائالىيەت ئۇسۇلىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشىلىشىمىز، دېموكراتىيە، مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان، ۋە ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان خاتا خاھىشلارنى تۈزىتىپ، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي ئاساسىنى مۇستەھكەملىشىمىز، پارتىيىمىزنى ھەقىقىي تۈردە سوتسىيالىستىك ئىشلىرىمىزنىڭ قۇدرەتلىك يادروسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم؛ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ماركسىزمچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش، پارتىيە كادىرلارنى باشقۇرۇش پرىنسىپى بويىچە رەھبەرلىك بەنزە ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش، پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرىنى تاللاش ۋە يېتىشتۈرۈشكە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم؛ پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش لازىم؛ پارتىيىنى ئومۇم ئۈچۈن قۇرۇش، ھاكىمىيەتنى خەلق ئۈچۈن يۈرگۈزۈش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش، پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىنى باشتىن - ئاخىر ساقلاش، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارغا تايىنىش، پارتىيىنى مەڭگۈ غالىب ئورۇندا تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

# ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى

جاڭ سۇڭچى

ئازادلىقتىن بۇرۇن، شىنجاڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشكىلاتى يوق ئىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، پارتىيىمىز شىنجاڭدىكى مىلىتارىست شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 100 دىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسىنى شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتكەن. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يەنە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، چېن يۈن، تېڭ دەيۈەن، دېڭ فا، چېن تەنچيۇ قاتارلىق يولداشلارنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى ھەمدە شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق يولداشلار شېڭ شىسەي بىلەن تۈزگەن كېلىشىمگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئىچكى قىسىمدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنى قۇرغاندىن باشقا، 1943 - يىل 2 - ئايدا پارتىيىمىزنىڭ خادىملىرى تۇتقۇن قىلىنىپ شېڭ شىسەي بىلەن بولغان بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي پارچىلانغانغا قەدەر، پارتىيىمىز باشتىن - ئاخىر شىنجاڭدا ھەر قانداق يەرلىك تەشكىلات قۇرمىغان، پارتىيىگە بىرەر نەپەر ئەزامۇ قوبۇل قىلمىغان ئىدى.

شىنجاڭنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى 1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن باشلانغان ئىدى. شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەنى ماۋجۇشى ۋە باش قوماندان جۇ دېنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، 2 - جۇن بىلەن 6 - جۇننى باشلاپ شىنجاڭغا كىردى. شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى سىياسىي جەھەتتە، شىنجاڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەردى؛ شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەر قايسى قىسىملىرىنىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە 30 مىڭدىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسى شىنجاڭنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئۈچۈن تەشكىلىي جەھەتتىن شەرت ھازىرلاپ بەردى.

1949 - يىل 10 ئاينىڭ 12 كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنى قۇرۇپ، ئۇنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى قىلىشنى قارار قىلدى ھەمدە ۋاڭ جېننى بۇ شۆبە بيۇرونىڭ شۇجىلىقىغا، شۇ لىچىڭنى مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، لو يۈەنفا، جاڭ شىيەنيۈ، راۋ جېڭتاڭ، ۋاڭ ئېنماۋ، گو پېڭ، زېڭ دى، دېڭ لىچۈنلەرنى ئەزالىقىغا تەيىنلىدى. 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «شىنجاڭنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدا يوليورۇق» چىقىرىپ مۇنداق كۆرسەتتى: «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەسىرى، شۇنداقلا بەزىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇشى ۋە مەلۇم مەزگىللىك كۈرەشنى بېشىدىن كەچۈرۈشى تۈپەيلىدىن، بەزى ئىلغار كوممۇنىزمچىلار ۋە كوممۇنىزمغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلار بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئىلگىرى كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان، كېيىن يەنە تىنچلىقنى قوغدىغۇچى دېموكراتلار ئىتتىپاقىنى قۇرغان، شۇڭا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تەشكىلاتىنى قۇرۇش مۇئەييەن ئاساسقا ئىگە. ھازىر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى تەشكىلاتىنى قۇرۇش ئىشىنى باشلاش ھەمدە ئاز سانلىق

مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىلغارلارنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىش بىزنىڭچە مۇۋاپىق. «يولىيورۇق» تا شىنجاڭدا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۇسۇلى، قەدەم باسقۇچلىرى ئېنىق بەلگىلىنىپ مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «ئاۋۋال خەنزۇلارنى تۈز ئىچىگە ئالغان نەچچە ئونلىغان يەرلىك ئىلغارلارنى تاللاپ (ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر ئارىسىدىن چىققان ئىلغارلار بولۇشى لازىم) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تونۇشتۇرۇپ، كاندىداتسىز قوبۇل قىلساڭلار بولىدۇ، كېيىن بىر قانچە كىشىنى. تۈركۈمگە بۆلۈپ پارتىيىگە قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەپ سىرتتىن بارغان پارتىيە ئەزالىرى بىلەن بىللە ئايرىم - ئايرىم ھالدا جايلارغا ئەۋەتىپ، يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرساڭلار بولىدۇ، ئۇلار شۇ جايدىكى ئىلغارلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىپ، ياچېيكا ھەمدە ناھىيىلىك پارتكوم، رايونلۇق پارتكوملارنى قۇرسۇن».

مەركىزىي كومىتېتنىڭ شىنجاڭنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى يولىيورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ شۆبە بيۇرو 1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» نى چىقىرىپ مۇنداق كۆرسەتكەن: «پارتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى قەدەم باسقۇچ: شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئومۇمەن، ئالدى بىلەن يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، شەھەردىن يېزىلارغىچە، ئىنقىلابىي زىيالىيلاردىن ئىشچى - دېھقانلارغىچە، سىرتتىن كەلگەنلەردىن يەرلىكلەرگىچە قوبۇل قىلىش تەرتىپى بويىچە ئېلىپ بېرىشى لازىم. ئالدى بىلەن شۆبە بيۇرو، رايونلۇق پارتكوم، شەھەرلىك پارتكوم، ۋىلايەتلىك پارتكوم ھەر مىللەتتىن بولغان بىر تۈركۈم ئىلغارلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشى، ئۇلارنى بىر مەزگىل تەربىيىلەش ئارقىلىق سىرتتىن كەلگەن پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، ھەر قايسى ناھىيىلىك پارتكوم، رايونلۇق پارتكوم، ياچېيكا قاتارلىق تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، پارتىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇشى لازىم؛ ھەقىقەتكە قايتقان قىسمىدا بىز ئەۋەتكەن سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى، پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە تەشكىلاتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەسئۇل بولۇشى لازىم.» 1949 - يىل 10 - ئايدا، سەيپىدىن ئەزىزى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىنى سۇندى، رەئىس ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «يولداش سەيپىدىننىڭ پارتىيىگە كىرىشىگە قوشۇلىمەن، شىنجاڭ بيۇروسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يولداش سەيپىدىن ئەزىزى شۆبە بيۇروغا پارتىيىگە كىرىش ئانكىتىنى تولدۇرۇش رەسمىيىتىنى ئۆتەسە بولىدۇ» دەپ تەستىق سالغان. 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ شۆبە بيۇرونىڭ ئەزاسى ۋاڭ جېن بىلەن دېڭ لىچۈن سەيپىدىن ئەزىزىنى، ۋاڭ جېن بىلەن شۇ لىچىڭ بۇرھان شەھىدىنى، شۇ لىچىڭ بىلەن دېڭ لىچۈن چېن شىخۇا (خەنزۇ)، جاۋ دېلىن (شىبە) نى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تونۇشتۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ شۆبە بيۇرونىڭ ئەزالىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا شۇ مۇتۇڭ (شىبە)، مەرغۇپ ئىسھاقوپ (تاتار)، ئابدۇراخمان مۇيىت، ئابدۇللا زاكىروف، ئەنۋەر جاكۇلىن (قازاق)، ئىسمايىل ياسىنوپ، داشجاپ (موڭغۇل)، ئەنۋەر خانبابا (ئۆزبېك)، ئىبراھىم تۇردى، ئۇيغۇر سايرا، ئابلىمىت مەخسۇتوپ قاتارلىقلارنى پارتىيىگە تونۇشتۇردى. سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق 15 كىشى شىنجاڭ شۆبە بيۇرو بىۋاسىتە قوبۇل قىلغان يەرلىك ئون مىللەتتىن بولغان تۇنجى تۈركۈمدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى بولۇپ، ئۇلار كاندىداتلىق مۇددىتىنى ئۆتكۈزمىگەن. 1950 - يىل 10 - ئايدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزىنى شىنجاڭ شۆبە بيۇرونىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاپ، ئۇلارنى شۆبە بيۇرونىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى 11 - ئايدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، شىنجاڭ شۆبە بيۇرونىڭ شۇجى مۇئاۋىن شۇجىلىرىنى بىرىنچى، ئىككىنچى شۇجى قىلىپ ئۆزگەرتتى، ۋاڭ جېن بىرىنچى شۇجى، شۇ لىچىڭ

لىككىنچى شۆجىلىققا تەيىنلەندى ھەمدە جاڭ باگىيىڭ لىۋچىنچى شۆجىلىققا تەيىنلەندى. 1951 - يىل 6 - ئايدا، مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى 18 كىشىگە كۆپەيتىلدى، دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىندى.

شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، قاتنىشى قولايسىز بولغاچقا، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن شىنجاڭ شۆبە بيۇرونىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆلكە دەرىجىلىك رايونلۇق پارتكومدىن ئۈچى تەسىس قىلىندى. 1950 - يىل 1 - ئايدا، 2 - جۇن پارتكومى ئاساس قىلىنغان ھالدا قەشقەر (جەنۇبىي شىنجاڭ) رايونلۇق پارتكومى؛ 2 - ئايدا، 6 - جۇن پارتكومى ئاساس قىلىنغان ھالدا ئۈرۈمچى (شىمالىي شىنجاڭ) رايونلۇق پارتكومى؛ 7 - ئايدا، 5 - جۇن پارتكومى ئاساس قىلىنغان ھالدا ئىلى رايونلۇق پارتكوم قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭغا كىرگەن قوشۇن ئاساس قىلىنغان ھالدا شۇ چاغدىكى ئون مەمۇرىي رايون ۋە بىر شەھەردە ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك پارتكوملار قۇرۇلدى: يەنى 4 - شى پارتكومى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ، 5 - شى پارتكومى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ، 6 - شى پارتكومى قاراشەھەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ، 16 - شى پارتكومى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ، 17 - شى پارتكومى ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. خوتەن، يەكەن، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت بەش ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومى شىنجاڭغا كىرگەن قىسىمدىن ئاجرىتىلغان پارتىيىلىك كادىرلاردىن تەركىب تاپقان. 1950 - يىل 10 - ئايدا پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئون مەمۇرىي رايون ۋە بىر شەھەردە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى قۇرۇلدى. قەشقەر، خوتەن، يەكەن، ئاقسۇدىن ئىبارەت تۆت ۋىلايەتلىك پارتكوم قەشقەر رايونلۇق پارتكومىنىڭ قارىمىقىدا بولدى، ئۈرۈمچى قۇمۇل، قاراشەھەردىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتلىك پارتكوم ئۈرۈمچى رايونلۇق پارتكومىنىڭ قارىمىقىدا بولدى، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىلى رايونلۇق پارتكومىنىڭ قارىمىقىدا بولدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ج ك پ مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى فاڭجېنى ۋە بەلگىلىمىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئۆز يېرىدىكى ھەر مىللەتتىن بولغان بىر تۈركۈم ئاكتىپلارنى ئاكتىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن پارتىيىگە قوبۇل قىلغان، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي كومىتېت غەربىي شىمال بيۇروسى 1950 - يىلدىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن ئىچكىرىدىكى كونا ئازاد رايونلاردىن شىنجاڭغا زور بىر تۈركۈم ھەر دەرىجىلىك پارتىيىلىك كادىرلارنى ئەۋەتكەنلىكتىن، يەرلىك پارتكوملارنى رەسمىي قۇرۇش ئۈچۈن شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلدى. 1952 - يىل 2 - ۋە 5 - ئايدا، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئۈرۈمچى رايونلۇق پارتكوم ۋە ئىلى رايونلۇق پارتكوم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ھەر قايسى قىسىم پارتكوملىرى يەرلىك پارتكوملارنىڭ خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۆتىمەيدىغان بولدى.

ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك پارتكوملار قۇرۇلغاندىن كېيىن، قىسىمدىن پارتىيىلىك كادىرلار ئاجرىتىلىپ، بىرىنچى تۈركۈمدە قوبۇل قىلىنغان يەرلىك ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى بىلەن بىللە ج ك پ ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى تەشكىل قىلىنىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆزىگە قاراشلىق ناھىيىلەرگە ئەۋەتىلىپ، پارتىيە قۇرۇش، ھۆكۈمەت قۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ھەر قايسى ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتلىرى ئۆز جايىدىكى ھەر مىللەتتىن بولغان بىر تۈركۈم ئىلغارلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلدى. 1951 - يىل 4 - ئايغىچە، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە پارتىيىگە جەمئىي 1087 نەپەر ئەزا قوبۇل قىلىندى. بۇلار ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق 11 مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 45 پىرسەنتنى، خەنزۇلار 19.5 پىرسەنتنى، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر 35.5 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى بىر مەزگىل ئىشلەپ شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن، ھەر قايسى ناھىيىلەردە پارتىيىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگىنى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا

(ئاخىرى 53 - بەتتە)

# شەرەپ تاختىسى

تەھرىر ئىلاۋىسى: 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم قارار چىقىرىپ، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، تۈرلۈك خىزمەتلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بىر تۈركۈم ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىلىرىنى تەقدىرلىدى. ئۇلارنىڭ ئىسىملىكى تۆۋەندىكىچە:

## ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىسىملىكى

### ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىن:

ئىلى ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارە باش ياچېيكىسى

### ئىلى ۋىلايىتىدىن:

ئىلى ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانا پارتكومى

غۇلجا شەھەرلىك 2 - يىپەك ساناەت ئىدارە پارتكومى

غۇلجا ناھىيە ئۇيغۇر ئۇچئون يېزىلىق پارتكوم

كۈنەس ناھىيە ئاراتۆپە يېزىلىق پارتكوم

قورغاس ناھىيە لوسىگۈڭ يېزىلىق پارتكوم

### تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن:

چۆچەك شەھەر ئاشلى داغۇر مىللىي يېزىلىق پارتكوم

شىخو ناھىيە چېيەيزى يېزا بۇلغۇن كەنت پارتىيە ياچېيكىسى

ساۋەن ناھىيە داچۈەن يېزا ياڭجىياجۇاڭ كەنت پارتىيە ياچېيكىسى

دۆربىلجىن ناھىيىلىك سودا - ساناەت بانكا پارتىيە ياچېيكىسى

قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيە قوشتولغاي تۇزچىلىق مەيدان پارتىيە ياچېيكىسى

### ئالتاي ۋىلايىتىدىن:

ئالتاي ۋىلايەتلىك تېرە - خۇرۇم زاۋۇتى قوي تېرىسى پىششىقلاپ ئىشلەش سېخى پارتىيە ياچېيكىسى

ئالتاي ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسى 5 - پارتىيە ياچېيكىسى

ئالتاي شەھەر خۇڭدۇڭ يېزا كۆكساز كەنت پارتىيە ياچېيكىسى

كۆكتوقاي ناھىيە تېمىكى يېزىلىق پارتكوم

قابا ناھىيە چىبار يېزا ئايدار ئۆزەك كەنت پارتىيە ياچېيكىسى

### بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىن:

بورتالا ئوبلاستلىق كۆكتات شىركەت پارتىيە ياچېيكىسى

ئارشاڭ ناھىيە كۈندۈلۈن چارۋىچىلىق فېرمىسى ئاچا چارۋا ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسى

جىڭ ناھىيە تولى يېزا ئىككىنچىقۇدۇق كەنت پارتىيە ياچېيكىسى

## قاراماي شەھىرى (نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى) دىن:

شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇرغىلاش شىركىتى 32837 - بۇرغىلاش ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسى

شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى بىسىم ئازايتىش سېخى پارتىيە ياچېيكىسى

## سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىن:

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسال ئېلېكترو ماشىنا زاۋۇت پارتكومى

سانجى شەھەر يۇشۇگۇ يېزىلىق پارتكوم

سانجى ئوبلاست گۆچۈڭ بەيتىك تېغى ھاۋارايى پونكىتى پارتىيە ياچېيكىسى

مىچۈەن ناھىيە گۇمۇدى بازارلىق پارتكوم

قۇتاڭ ناھىيە جۇيۇڭگەي يېزا 14 - كەنت پارتىيە ياچېيكىسى

ماناس ناھىيە لوتۇبى بازارلىق پارتكوم

## ئۈرۈمچى شەھىرىدىن:

ئۈرۈمچى دۆڭفېڭ ماركىلىق ئاپتوموبىل ساناائىتى تىجارەت بىرلەشمە شىركىتى شىنجاڭ ئاپتوموبىل زاۋۇتى پارتكومى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك تورلۇك ماللار شىركىتى مىللىي بۇيۇملار ماگىزىنى پارتىيە باش ياچېيكىسى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك تيانشان يىمەكلىكلەر زاۋۇت پارتكومى

ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق سودا-ساناائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئورگان پارتىيە ياچېيكىسى

ئۈرۈمچى ناھىيە ئەرگۈڭ يېزا باجاخۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسى

ئۈرۈمچى ناھىيە ئەنەنچۈي رايون چىڭگىداخۇيېزا بىرلەشمە كەنت پارتىيە ياچېيكىسى

## تۇرپان ۋىلايىتىدىن:

تۇرپان شەھەرلىك باج ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسى

تۇرپان شەھەر ئۈزۈمچىلىك يېزا سۇ باش كەنت پارتىيە ياچېيكىسى

پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا پەنجەنكارىز كەنت پارتىيە ياچېيكىسى

## قۇمۇل ۋىلايىتىدىن:

قۇمۇل كان ئىشلار ئىدارىسى ئۇستى ئوچۇق كان ماشىنا رېمونت زاۋۇت پارتىيە باش ياچېيكىسى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارە پارتكومى

قۇمۇل شەھەر ئاستانە يېزا 7 - كەنت پارتىيە ياچېيكىسى

## بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىن:

بايىنغولىن ئوبلاستلىق چارۋىچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىي پونكىت پارتىيه ياچېيكىسى

كورلا تاشيول باش ئۆچاستكىسى چەرچەن ئۆچاستكا پارتىيه ياچېيكىسى

يەنجى ناهىيه ئۈخاۋچۇ يېزا ساغانچۇ كەنت پارتىيه ياچېيكىسى

خوشۇت ناهىيه ئۇششاقتال خۇيزۇ مىللىي يېزا شور قۇدۇق كەنت پارتىيه ياچېيكىسى

چارقىلىق ناهىيه ئۈتام يېزا غول ئېرىق كەنت پارتىيه ياچېيكىسى

## ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن:

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يىپەكچىلىك فابرىكا پارتىيه ياچېيكىسى

باي ناهىيه قاراباغ يېزا كۆكيا كەنت پارتىيه ياچېيكىسى

كۇچا ناهىيه ياقا يېزا قاراڭغۇ 1 ـ كەنت پارتىيه ياچېيكىسى

ئاقسۇ كونىشەھەر ناهىيه توخۇلا يېزا تۆۋەنسۇ بۇلاق كەنت پارتىيه ياچېيكىسى

توقسۇ ناهىيه پەيشەنبە بازار يېزا سۆگەتقوتان كەنت پارتىيه ياچېيكىسى

ئاقسۇ شەھەر قۇمباش يېزا بۇقىرىقى يوتچى كەنت پارتىيه ياچېيكىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىدىن:

قەشقەر مەركىزىي ترانسپورت بىكىتى پارتىيه باش ياچېيكىسى

قەشقەر شەھەرلىك باج ئىدارە پارتىيه ياچېيكىسى

يەكەن ناهىيه گۈلباغ يېزا خانئېرىق كەنت پارتىيه ياچېيكىسى

يېڭىسار ناهىيه ئۈچار يېزا ئۆستەڭبويى كەنت پارتىيه ياچېيكىسى

يوپۇرغا ناهىيه تېرىم يېزا كۆتەكلىك كەنت پارتىيه ياچېيكىسى

قەشقەر كونىشەھەر ناهىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيه ياچېيكىسى

قەشقەر يېڭىشەھەر ناهىيىلىك سېمونت زاۋۇتى پارتىيه ياچېيكىسى

پەيزاۋات ناهىيه مىشا يېزا ئويتوغراق كەنت پارتىيه ياچېيكىسى

## قىزىلسۇ قىرغىزئاپتونوم ئوبلاستىدىن:

ئاتۇش شەھىرى ئۇستۈنئاتۇش يېزىلىق پارتكوم

ئاقچى ناهىيىلىك نەسىللىك چارۋا فېرمىسى پارتىيه ياچېيكىسى

ئاقتۇ ناهىيه بارىن يېزا خانتېرەك كەنت پارتىيه ياچېيكىسى

ئۇلۇغچات ناهىيه قىزىلئوي يېزا كەڭشۇەر كەنت پارتىيه ياچېيكىسى

## خوتەن ۋىلايىتىدىن:

خوتەن ناهىيه باغچى بازار كاسپى كەنت پارتىيه ياچېيكىسى

خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى پارتكومى

قاراقاش ناھىيىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارە پارتىيە ياچېيكىسى

چىرا ناھىيە دامىكۇ يېزىلىق پارتكوم

گۇما ناھىيە قوشتاغ يېزا چىغلىق كەنت پارتىيە ياچېيكىسى

## ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار پارتكومىدىن:

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئورگىنى پارتكومى

ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى ئورگىنى پارتكومى

ئاپتونوم رايونلۇق تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارە پارتىيە باش ياچېيكىسى

ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار 1 - كوللېگىيىسى پارتىيە ياچېيكىسى

## ئىقتىساد سىستېمىسىدىن:

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئۈرۈمچى ئىش ئۇچاستكا پارتكومى

ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى مىلچىمال شىركىتى داخىيەن پونكىت پارتىيە ياچېيكىسى

شىنجاڭ گېئولوگىيە كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى 1 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى مەمۇرىي بۆلۈم پارتىيە ياچېيكىسى

شىنجاڭ كېيىم - كېچەك زاۋۇتى 1 - سېخ پارتىيە ياچېيكىسى

شىنجاڭ سانائەت ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇش شىركىتى قۇراشتۇرۇش 1 - باشقارما پارتىيە ياچېيكىسى

شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتى قۇرۇمتى كان مەيدان پارتىيە باش ياچېيكىسى

شىنجاڭ 2 - ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى پارتكومى

شىنجاڭ سودا ساقلاش - توشۇش شىركىتى 2 - شۆبە شىركىتى پارتىيە ياچېيكىسى

ئاپتونوم رايونلۇق كۆمۈر سانائەت نازارىتى جيەنگو كان قېزىش رايونى پارتىيە ياچېيكىسى

شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتى پولات تاۋلاش زاۋۇتى 1 - پولات تاۋلاش سېخى پارتىيە ياچېيكىسى

## تەشۋىقات سىستېمىسىدىن:

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئىشخانا پارتىيە ياچېيكىسى

شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى ئۆسۈملۈك ئاسراش فاكولتېتى ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر پارتىيە ياچېيكىسى

شىنجاڭ داشۆ جۇڭگو تىلى فاكولتېتى ئوقۇغۇچىلار پارتىيە ياچېيكىسى

شىنجاڭ سىفەن داشۆ خىمىيە فاكولتېتى پارتىيە باش ياچېيكىسى

## ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەندىن:

بىڭتۈەن پەن - تېخنىكا كومىتېتى پارتىيە ياچېيكىسى

شىنجاڭ ئۈرۈمچى 2 - پولات - تۆمۈر زاۋۇتى پولات ئاۋلاش شۆبە زاۋۇت ئاۋلاش سېخى پارتىيە ياچېيكىسى

بىڭتۇەن شىخەنزە يېزا ئىگىلىك شۆبىۋەنى كۈتۈپخانا پارتىيە ياچېيكىسى

يېزا ئىگىلىك 1 - شى بىناكارلىق خىمىيە سانائىتى زاۋۇت پارتكومى

بىڭتۇەن بىناكارلىق قۇرۇلۇشى 1 - شى 6 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى پارتكومى

يېزا ئىگىلىك 2 - شى 30 - تۇەن 1 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى

يېزا ئىگىلىك 3 - شى 45 - تۇەن 15 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى

يېزا ئىگىلىك 4 - شى 72 - تۇەن ئىلى زەنجىر زاۋۇتى پارتىيە ياچېيكىسى

يېزا ئىگىلىك 5 - شى 90 - تۇەن 7 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى

يېزا ئىگىلىك 6 - شى 101 - تۇەن 4 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى

يېزا ئىگىلىك 7 - شى 126 - تۇەن 13 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى

يېزا ئىگىلىك 8 - شى ئەلا سورت يېتىشتۈرۈش لىيەنى پارتىيە ياچېيكىسى

يېزا ئىگىلىك 9 - شى 167 - تۇەن 3 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى

يېزا ئىگىلىك 10 - شى 188 - تۇەن 2 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى

باشقىلاردىن:

قورالىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى ئاقسۇ تارماق ئەترەت ئاۋات ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسى

# ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى (198 نەپەر)

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىن: شى گوخەي، مادىكەن (قازاق).

ئىلى ۋىلايىتىدىن: جو يۈڭكۈڭ، شۈي ماۋشياڭ، غوپۇر شېرىپ، قوجابەردى (قازاق)، گۈلتاي (ئايال، قازاق)، گو جيەنخەي (خۇيزۇ)، دۇپا جۇما (موڭغۇل)، تاۋ سۇڭشۇ (شىبە).

تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن: ئابدۇقادىر، شۈي بەيجۇ، مايلىباي باتا (موڭغۇل)، ئادىلقان (قازاق)، ئابدۇراخمان، لى يۈشۇاڭ (ئايال)، جاڭ شيۇلەن (ئايال).

ئالتاي ۋىلايىتىدىن: چىن تۇڭچۈەن، قابىلقاق (قازاق)، ياڭ كىيىڭ، تولارقان (قازاق)، خۇ جىدۇڭ، ئەنۋاربېك (قازاق).

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىن: يەن زىيۇ، شۇ جۇڭ، گوڭ بىنجى، ما سىلياڭ، نىمجاپ (موڭغۇل).

قاراماي شەھىرى (نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى) دىن: ليۇ ۋېنلۇ، خاۋ فىڭبىن (ئايال)، ۋاڭ تيەنجياڭ، گۈلشەن ئابدۇرېھىم (ئايال)، لى خۇيچىڭ (ئايال)، ئوسمان ئىبلى.

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىن: باۋ يۈسەي، جياۋ شەنلەي، فەن جىنپىن، سۇڭ چاڭشىڭ، ئابدۇللا مۇتەللىپ، يې شيۇكۈي (خۇيزۇ)، ئەن چاڭشۇ، تۇردى (قازاق)، ما گولياڭ (خۇيزۇ)، لوي مىڭجۇ، ما شۈيچىڭ (ئايال).

ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: ئەن گۇاڭمىڭ، ۋاڭ جىلياڭ، سۇڭ شيۇيۈن (ئايال)، ئايىمخان خېلىل

(ئايال)، لەن چىڭمىڭ (ئايال)، جاڭ يىڭ، جاڭ بىنفا، فېڭ شياڭيىڭ (ئايال)، گو جيېۋەن، لىيۇ رۇڭخۇا (خۇيزۇ)، يىڭ جۈيشياڭ (ئايال).

تۇرپان ۋىلايىتىدىن: جاۋ مىڭشىڭ، ئالىم مىجىت، سېتىخان جېلىل (ئايال)، ما جىدى (خۇيزۇ)، جاڭ چىڭيۇ، ھەمدۇل يۈسۈپ، دۇڭ دېگۈي.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىن: مەخسۇت ئابدۇللا، رۇي خۇا، ما شىيىڭ (ئايال)، زەينەپ ئەمەت (ئايال)، جاڭ رۇيجۇ (ئايال)، قالى (قازاق)، ئىبادەت ناسىر (ئايال).

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىن: ۋېي شەنفېڭ، دۇەن چىڭيەن (ئايال)، شياۋ لېيەنخەي (خۇيزۇ)، لۇي شاۋمىڭ (خۇيزۇ)، سوپى ئىبلى، ۋاڭ جيايىڭ، سانجارا (موڭغۇل)، ۋاڭ سۇڭچۈن.

ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن: سارىخان مامۇت (ئايال)، ئىزىز ھېيت، ئابدۇۋايىت مەھەممەت، تۇنسا توختى (ئايال)، ئوسمان پازىل، يېي شياۋزىڭ، سۇن جاۋيۇ، ۋاڭ ماۋخۇي، جى سۇڭپى، جو لېيەنخۇا (ئايال)، ۋاڭ سۇچىڭ.

قەشقەر ۋىلايىتىدىن: چېن دېخۇ، ياسىن ئىسمايىل، تيەن گۇاڭيۈەن، باۋ قۇچىن (ئايال)، تاجىنىسا ئىمىن (ئايال)، غۇلام ئالىم، سابىر موللاق، مەھەممەت بىلال، قاسىم ئابدۇكېرىم، لىيۇ جيۇگاۋ، ئىزىز ئاۋۇت، لېتىپ خوجا (تاجىك)، مۇھەببەت ھەسەن، توختىيۈسۈپ ئىمىن، تۇرىيەخان سىدىق (ئايال).

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىن: توختى قاسىم، خوجاقازى (قىرغىز)، ئەمەت بارات، لياۋ جىشۇڭ، سۇڭ يۈلىڭ (ئايال)، لىيۇ فەنسەي، قۇربان ھاجى.

خوتەن ۋىلايىتىدىن: مەتسەيدى خۇدابەردى، زىمىنىساخان (ئايال)، موسا قۇربان، مەتىمىن پاشا، جۇمەخۇن، سۇ يىمىن (ئايال)، مەتىمىن سەيدى، ساۋۇت مەھەممەت، مەتىمىن قۇربان، لى شىڭجىن، ياۋ دېگيەن.

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار پارتكومىدىن: سۇن شياۋۋۇ، تۆمەر ئابلا، باھارگۈل، ياڭ يىمىن، سۇي گوشىڭ، ۋاڭ جياڭ، لى فېنيۇ (ئايال)، كۇرەش، لى چاڭلىن، جى جېن، ئىمام خۇدابەردى، ھوشۇر.

ئىقتىساد سىستېمىسىدىن: دۇڭ يۈڭچۈەن، جاڭ مىڭيۇ، ئىلياس ئابدۇرۇسۇل، شۈي جىڭ (ئايال)، خې كېجۈن، ۋاڭ جېنخې، شىڭ كېجۇ (ئايال)، جاڭ چېبىڭ، جۇ فېڭچى، توختى مامۇت، ما يۈخۇا (ئايال)، شو يان (قازاق)، پېڭ دېجۇ، لۇ دېرېن، ۋاڭ جاۋچىن، سۈي خەنسەن، ما جىنتىڭ، خەن شۈتيەن، لىيۇ شۇشەن، لىيۇ لۇ، لىڭ زېنگۈي، ئەسقەر تۇرسۇن.

تەشۋىقات سىستېمىسىدىن: لى سىنلىن، شى جياجۈن، ھېززۇللا، ئايدىن زىياۋۇدۇن، ۋاڭ شياۋجياڭ، ياڭ ۋەنرۇي، ۋاڭ جاۋرۇي، لى چى (ئايال)، لى يۈمىڭ.

ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىن: تاڭ خۇيپى (ئايال)، تيەن شىخۇڭ، يەن يۈجې، ۋاڭ چېڭ، ۋاڭ لىجى، ۋاڭ خېلى، لىيۇ گوڭياۋ، ياڭ شۇشۈەن (ئايال)، ساۋ لېيەنيۇ، ۋاڭ جېشيا (ئايال)، توختىباقى مەھەممەت، چې جۈنيۈەن، ئەمەتجان قاسىم، دۇڭ جاۋشى، جاڭ شىڭمىڭ، شىڭ جېن، فەن تۇڭجى، شيا گۇاڭگاڭ، جۇ لۇنبات (موڭغۇل)، چېڭ خۇيچۇاڭ، لەن شۇكۇن (خۇيزۇ)، خاڭ شىجېن (ئايال)، لو سىخۇا، تيەن سىلى، ما قې (تاجىك)، لۇ مېيلەن (ئايال).

باشقا ئورۇنلاردىن: دۇ پېيشەن، لىيۇ يۈجۇ (ئايال)، لىيۇ جۈنچېن، ئابدۇل يۈسۈپ، جاڭ لەنجياڭ، چېن ۋەنجۇي.

# ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىلىرى ئىسىملىكى (68 نەپەر)

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىن: خې شۇزۇ
ئىلى ۋىلايىتىدىن: ئابدۇقادىر، لىن تيەنشى، چياۋ جىڭاڭ

تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن: شېن لەنجۇ، كاتىمان (قازاق)، جاڭ شىنشىڭ
ئالتاي ۋىلايىتىدىن: ئۇشكورقان (قازاق)، ساتاي (قازاق)، لى جيەنجۇڭ
بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىن: ئەركىن

قاراماي شەھەر (نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى) دىن: جاۋ گوشۇەن
شىخەنزە شەھىرىدىن: ليۇ گېيۈي (ئايال)
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىن: جىڭ شىڭ، پىڭ خەيمىڭ، گو شىڭسەي، شۈي ۋېنشياڭ

ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: شېن تۇجاڭ، لى زۇڭجى، ئابلىز پەيزۇللا، جاڭ خۇيشېن
تۇرپان ۋىلايىتىدىن: نەيىم ياسىن
قۇمۇل ۋىلايىتىدىن: ليۇ گىسى (ئايال)، ۋېي تيەنجى
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىن: لى شىيى، خۇاڭ مىڭلۇ، مەتتوختى داۋۇت
ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن: جەي جۇڭۇيى، باست موللائەمەت، تۇردى نۇر، تاۋ يىڭمىڭ (ئايال)

قەشقەر ۋىلايىتىدىن: چېن ۋەنچىڭ (ئايال)، ۋاڭ شۇجۇن، سۇڭ خاۋ، ياڭ چۇنفۇ، ئوسمان هېيت، پەرهات خالىق، داۋۇت ئىگەم
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىن: تومۇش مامبەتقاسىم (قىرغىز)، خۇ جىيى
خوتەن ۋىلايىتىدىن: يۈ مىڭلىن، ئالىمجان، خۇاڭ گوسۈي

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلاردىن: يۇ شىڭشياڭ (ئايال)، جىڭ جىشيەن، ۋاڭ چۈەنسېن، سېيىت ئەرشىدىن، لى يىڭنيەن
ئىقتىساد سىستېمىسىدىن: خەن خىڭگۇەن، جياڭ شياڭجۇن، چاڭ پېيمىن، جياڭ شىڭشۇ، توختە (موڭغۇل)، سۇڭ يۇگۇەن (ئايال)، جاڭ ليۇسۇ، گاۋ كې

ئالىي مەكتەپلەردىن: راخمان تومۇرشا، مىڭ فۇشەن ((شىبە)
پەن تەتقىقات ئورنىدىن: ۋاڭ بويۈي
ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىن: ليۇ شياڭرى، چى لياڭچىڭ، چېن ماۋچاڭ، لى سۈيچىڭ، چىڭ شەندىڭ، شۈي يامىن، تاۋ رۇنچى، لوشۇچىڭ، شى جىڭمىڭ.

# ئانا مېھرى يەتمەس پارتىيە مېھرىگە

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى ئابدۇكېرىم كېبىر



پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىغا 70 يىل تولغان بۇگۈنكى كۈندە، پارتىيىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆزۈمنىڭ قانداق ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىمنى ئىختىيارسىز ئەسكە ئالدىم.

مەن ئەسلىدە كونا جەمئىيەتتە تۇغۇلۇپ ـ ئۆسكەن بىر ساۋاتسىز ئادەم ئىدىم. ئۇ چاغلاردا، مەندە سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ھېچقانداق ھوقۇقمۇ يوق ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سەممىمىي غەمخورلۇقىدا، ئالىي تېخنىكوم سەۋىيىسىگە ئىگە، ئاڭلىق بىر كوممۇنىستقا ئايلاندىم. مەن ھازىر شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن. پارتىيە تەشكىلى مېنى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى، قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ۋە بەزى كەسپىي كۇرسلارغا ئەۋەتىپ ئوقۇتتى. بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. ئۇزاق ۋاقىتلىق ئەمەلىي خىزمەت ۋە ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئارقىلىق سىياسىي، كەسپىي سەۋىيەم ھەسسىلەپ ئاشتى. نەزەر ـ دائىرەم كورۇنەرلىك كېڭەيدى. ئەمەلىيەت ئارقىلىق شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ئانامنىڭ مېھرى ـ شەپقىتى پارتىيىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىگە يەتمەيدۇ. ئاسمان ـ زېمىننىڭ چوڭلۇقى پارتىيىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىنىڭ چوڭلۇقىغا يەتمەيدۇ. بىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى پەقەت پارتىيە رەھبەرلىكى ئاستىدىلا ئۆسۈپ يېتىلدۇق، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم بولغاندىلا بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشەلەيمىز. پارتىيە مېنى تەربىيىلەش يولىدا ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلدى. شۇڭلاشقا مەن پارتىيىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن، پارتىيىنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن، بۇندىن 37 يىل بۇرۇن پارتىيە بايرىقى ئالدىدا ئوڭ قولۇمنى كۆتۈرۈپ چىن قەلبىمدىن بەرگەن قەسىمىمنى ئېسىمدە چىڭ ساقلاپ، پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بارلىقىمنى بېغىشلاپ، كومپارتىيە ئەزالىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدىم. سىياسىي، ئىدىيە جەھەتتە 50 ـ يىللىرى تىكلەنگەن، 60 ـ يىللىرى مۇستەھكەملەنگەن، 80 ـ يىللىرى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ئۈچ بىرلىك (بىرلا پارتىيە — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، بىرلا يول — سوتسىيالىزم يولى، بىرلا ۋەتەن — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى) ئىدىيىسىدىن بىر كۈنمۇ تەۋرەنمىدىم. مەن ھەر قانداق ئىشتا، ھەر قانداق سۆز ـ ھەرىكەتتە پارتىيىنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاش، شانلىق ئوبرازىنى قوغداشقا تىرىشتىم، پارتىيىنىڭ ئوبرازىغا داغ كەلتۈرىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشنى ئۆزۈمنىڭ شەرەپلىك بۇرچۇم دەپ قارىدىم. 1986 ـ يىلى بىزنىڭ زاۋۇتنى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان بىر مۇئاۋىن نازىر ئۆز تۇغقىنىنى زاۋۇتىمىزغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بىزنى قىستىدى، شۇ ۋاقىتتا زاۋۇتىمىزدا 200 گە يېقىن ئىشسىز ياشلار بار بولۇپ، ئۇلارنى ئىشقا

ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرىدىن 50 سان تەستىقلاپ بەرگەن ئىدى. زاۋۇت رەھبەرلىكى مۇزاكىرە قىلىپ مۇئاۋىن نازىرنىڭ تۇغقىنىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بىر سان بېرىشكە ئائىلاج قوشۇلماقچى بولغاندا، مەن بۇنىڭغا قوشۇلمايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. كۆپچىلىك ئۇ باشلىق تۇرسا، بىز ئۇنىڭغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز، ئۇنى ھەل قىلمىساق بولمايدۇ، دېگەندە مەن «ئابدۇكېرىم قوشۇلمىدى دەپ ماڭا ئىتترىپ قويۇڭلار، مەن ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن، ئەگەر ساندىن بىرنى مۇئاۋىن نازىرغا بەرسەك، مەن ئاممىغا جاۋاب بېرەلمەيمەن» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن سان مۇئاۋىن نازىرغا بېرىلمىدى. بىر قېتىم مەن زاۋۇت باشلىقى بىلەن مۇئاۋىن نازىر ئىشخانىسىغا خىزمەتتىن يولىيورۇق سوراپ بارغاندا، ئۇ زاۋۇت باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ، ماڭا قاراپمۇ قويمىدى، ئەكسىچە، سەن قارانىيەت، ئادىمىگەرچىلىك دېگەننى بىلمەيسەن! بۇ ھوقۇق ئازغىنە كۈندە سەندىنمۇ قالىدۇ، دەپ ئىككى قولىنى يانچۇقىدىن چىقارماي ئۆت تەرەپكە مېڭىپ يۈرۈپ مېنى قاتتىق تەنقىد قىلدى ۋە ھاقارەتلىدى. «نازىر ئۆزلىرىنى ئايدۇق» دېگەن سۆزنىلا قىلالىدىم. ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىش مەن ئۈچۈن بەكمۇ قىيىن بولدى، ئۇ بىزنى ھەيدىگەندەك ئىشخانىسىدىن چىقىرىۋەتتى. نازارەتتە بىر قېتىملىق 20 نەچچە كىشىلىك يىغىندا بۇ مەسىلىنى مەن سۆزلىدىم، كىشىلەر دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. ھېلىقى مۇئاۋىن نازىرنى ئىسمىنى ئاتىماي تەنقىد قىلىپ: «مېنى ئانام شۇجى قىلىپ تۇغمىغان، قولىدىن كەلسە، شۇجىلىقتىن ئېلىۋەتە! بىراق پارتىيە ئەزالىقىمنى ئالالمايدۇ. بېشىم كەتسىمۇ پارتىيە پرىنسىپىدىن ۋاز كەچمەيمەن، ۋەزىپەمدىن ئېلىپ تاشلاشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن» دېدىم. پارتىيە تەشكىلى ۋە كەڭ ئامما مېنى قوللىدى ۋە ماڭا مەدەت بەردى. بۇ ئىشنى ئويلاپ دىلىم غەش بولغان بولسىمۇ، لېكىن پارتىيىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئوبرازىنى ئامما قەلبىدە بىر تۈلۈش ئارتۇق تۇرغۇزغانلىقىمنى ئويلاپ دىلىم يورۇپ كەتتى.

بارلىقىنى پارتىيىگە بېغىشلاپ، پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەش كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرەپلىك بۇرچى. مەن — بىر كومپارتىيە ئەزاسى، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى. بۇ خىل بۇرۇچنى قانداق ئادا قىلىشىم كېرەك؟ «شۇجى» لىق ۋەزىپىنى باشقىلاردىن بىرەر دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدىغان دەستەك قىلىپ، ئىشخانىدا گېدىيىپ ئولتۇرۇپ بۇيرۇق بىلەن ئىش قىلىش كېرەكمۇ؟ ياكى «مۇلازىم» دەپ ھېسابلاپ، ئاممىنى ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نەدە قىيىنچىلىق بولسا شۇ يەرگە بېرىپ، جاپا چېكىپ ئىشلەش كېرەكمۇ؟دېگەن مەسىلىنى ئۆز - ئۆزۈمدىن سوراپ، ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئۇنىڭغا توغرا جاۋاب بېرىشكە تىرىشتىم.

1980 - يىلى ئالتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان، 200 دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىسى بولغان نابۇر سىبخى ئايمۇ - ئاي، يىلمۇ - يىل ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالماي زىيان تارتىپ كەلگەن ئىدى. زاۋۇت رەھبەرلىكىنىڭ بۇنىڭدىن بېشى قاتتى. مەن ئۈچ نەپەر بۆلۈم باشلىقىنى باشلاپ نابۇر سىبخىغا بېرىپ ئۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلىدۇق. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۈچ نەپەر بۆلۈم باشلىقى ئۆز بۆلۈملىرىگە قايتتى. مەن ئۇدا ئۈچ ئاي تۇرۇپ، سەھەر بېرىپ، كەچ قايتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن ئەھۋاللىشىپ، ئاساسلىق مەسىلە ئادەم ئىشقا چىققان بولسىمۇ، قولىدىن ئىش چىقماسلىق، ئىشقا تولۇق، ۋاقتىدا كەلمەسلىك، كونا تۈزۈملەر پاچاقلىنىپ، يېڭى تۈزۈم ئورنىتىلماسلىق، ئىش نورمىسى بېكىتىلمەسلىك، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش يولغا قويۇلماسلىق، رەھبەرلىك بوشاڭ بولۇشتەك ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ، ئۇنى بىر - بىرلەپ ھەل قىلىپ، ئەمگەك نورمىسى، قائىدە - تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇپ، مۇكاپاتلاش - جازالاشنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەرتىپكە سېلىپ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈردۇق. بۇنىڭ بىلەن نابۇر سىبخى ئايمۇ - ئاي، يىلمۇ - يىل ۋەزىپىنى ئورۇنداپ،

زاۋۇت بويىچە بىر قانچە قېتىم ئىلغار سېخ، ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، مەدەنىيەت سىستېمىسى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1983 - يىلى كارخانا ئىسلاھاتى باشلىنىپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، كونا قۇرۇلۇشلارنى چېقىپ، يېڭى قۇرۇلۇشلارنى قىلىش ئۈچۈن 10 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق يېڭى قۇرۇلۇش سېلىش نەستىقلاندى، بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق كونا قۇرۇلۇش ئورنىنى بىكارلاشقا، ئۇرغۇن ئىشخانىلارنى بىكارلاپ يۆتكەشكە توغرا كېلەتتى. زاۋۇت مەمۇرىيىتى يىغىن ئېچىپ چاقىرىلغان ئۈيىنى قانداق بوشىتىش، قەيەرگە يۆتكەش، قانداق يۆتكەش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ، بىر مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقىنى بۇ خىزمەتكە بەلگىلىدى، لېكىن ئۇ زادى ئۈنىمىدى، بۇ ھەقىقەتەنمۇ مۇشكۈل، ئېغىر ۋەزىپە ئىدى. مۇشۇنداق قىيىن مەزگىلدە، مەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئالدىم، كونا كىيىملىرىمنى كىيىپ، بىلىمنى تانا بىلەن باغلاپ پۈتۈن كادىرلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، «زاۋۇتنى تۈزەش ئۈچۈن تۆھپە قوشايلى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىشنى باشلىۋەتتۇق. 2 - كۈنلا ئويلاپ باقمىغان تەسادىپىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدۇق. بەزىلەر كۆچكىلى ئۈنىمىدى، كۆچلۈك ئىدىيۋى خىزمەتنى ئىشلەش ئارقىلىق ھەممە كىشىنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، بىردەك كۆچ بولۇپ ئۆيۈشۈپ، ئەسلىدە بىر ئاي پىلانلانغان 3 — 4 يۈز تونىلىق يۈكنى قول بىلەن ماشىنىغا قاچىلاپ، يۆتكەش، ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى 15 كۈندە ھېچ قانداق خېيىم - خەتەرسىز غەلىبىلىك ئورۇنداپ، قۇرۇلۇشنى ئۆز ۋاقتىدا باشلاپ، كارخانا ئىسلاھاتىغا يول ئاچتۇق. بەزىلەر ماڭا سىز شۇجى تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئەدىكى چاپالىق، مەينەت ئىشلارغا چېپىلىۋالدىڭىز، ھەر قانچە ئىشلىسىڭىزمۇ ئالىدىغىنىڭىز يەنىلا ھېلىقى دەپ ئېيتتى، ھەتتا بەزىلەر مېنىڭ 2 - قەۋەتتىكى ئۆيىنى ئېشىقەدەم ئىشچىغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئۆزۈمنىڭ 4 - قەۋەتتە ئولتۇرغانلىقىمنى، تۇرلۇك مەقسەتتە ئۆتۈلگان سوۋغا - سالامنى قايتۇرۇپ، ئۇلارغا تەنقىد - تەربىيە بەرگەنلىكىمنى، رەڭلىك باسما سېخىنىڭ كونا قۇرۇلۇشىنى چېقىپ، ئوپىسىنى توشۇش توغرىسىدا تۈزۈلگەن 76 مىڭ يۈەنلىك توختامنى يىرتىپ تاشلاپ، ئاشكارا خېرىدار چاقىرىپ 34 مىڭ يۈەنگە كۆتۈرە بەرگۈزۈپ، بەزىلەرگە يامان بولغانلىقىمنى «ئاخماقلىق» دېيىشتى. مەن ھامان ئۇلارغا پۇلنى ئويلايدىغان، پارتىيە ئىشلىرىنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارىم بولماي يىغىم ئۆتىدىغان بولسام پارتىيىگە كىرمىگەن بولاتتىم، پارتىيە ئەزاسى پارتىيە ئەزاسىغا لايىق ئىش قىلمىسا بولامدۇ؟ دەپ جاۋاب بەردىم ۋە دېگىنىمنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە تىرىشتىم. خىزمىتىمگە پارتىيە تەشكىلى ۋە ئامما يۇقىرى باھا بەردى. 1989 -، 1990 - يىللىرى ئۇدا ئىككى يىل ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كارخانا ئىدىيۋى - سىياسىي خىزمەتچىسى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولدۇم. 1985 - يىلى زاۋۇتىمىز كارخانىنى تەرتىپكە سېلىشتا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1987 - يىلى زاۋۇتىمىز ئاپتونوم رايونلۇق ئورگانلار پارتكومى ۋە مەدەنىيەت سىستېمىسى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. زاۋۇتىمىز ئىسلاھات ئارقىلىق جانلىنىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يىلدىن - يىلغا ئۆستى، سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1983 - يىلى 5 مىليون 540 مىڭ 590 يۈەن بولۇپ 1990 - يىلى 8 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يەتتە يىلدا 55 پىرسەنت ئاشتى، تاۋار مەھسۇلات قىممىتى 1983 - يىلى 2 مىليون 240 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1990 - يىلى 3 مىليون 98 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 74.9 پىرسەنت ئاشتى. ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 1983 - يىلى 6 مىڭ 375 يۈەن بولۇپ، 1990 - يىلى 9198 يۈەنگە يېتىپ 44 پىرسەنت ئاشتى. ساپ پايدا 1983 - يىلى 320 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1990 - يىلى 733 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 129 پىرسەنت ئاشتى. يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج يەتتە يىلدا جەمئىي 5 مىليون 122 مىڭ 500 يۈەن بولدى. 1983 - يىلى مەھسۇلات تۈرى 498 خىل بولۇپ، 1990 - يىلى 651

خىلغا يېتىپ 30 پىرسەنت كۆپەيدى. مەھسۇلات سۈپىتى ئۈستۈرۈلدى. 1988 - يىلدىن 1990 - يىلىغىچە زاۋۇتىمىزنىڭ مەھسۇلات سۈپىتى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - بولۇپ باھالىنىپ كەلدى. 1988 - يىلى ئىككى خىل مەھسۇلات، 1989 - يىلى بەش خىل مەھسۇلات، 1990 - يىلى 15 خىل مەھسۇلات مەملىكەت بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولۇپ مۇكاپاتلاندى. «موڭغۇلىيە»، «جاڭغىر» موسكۋادا ئېچىلغان كىتاب - ژۇرنال كۆرگەزمە يىغىنىدا خەلقئارالىق مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ نەتىجىلەر پارتىيىمىزگە مەنسۇپ، شۇنداقلا كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

دەھشەتلىك كونا جەمئىيەتنى ئەسلىسەم، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارغا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىم تولۇپ تاشىدۇ. يېڭى جەمئىيەتنى، زاۋۇتىمىزنىڭ رېئاللىقىنى ئويلىسام، پارتىيىگە بولغان مېھرى - مۇھەببىتىم قايناپ تاشىدۇ. سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقادىم چىن قەلبىمدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ.

تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ جان تومۇرى قىلىپ، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىپ، زاۋۇتىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مېنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئۇلۇغ، توغرا، شانلىق پارتىيىمىزگە ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن.

## ئامېرىكىدا يەرگە تېرىلماي ئۆستۈرۈلىدىغان پاختا يېتىشتۈرۈلگەن

ئامېرىكىدا دىكساس شتاتى تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى داشۆبىسىدىكى بىئولوگ خۇردىن باشچىلىقىدىكى تەتقىقاتچى خادىملار ئاجايىپ بىر خىل چارىنى ئىجاد قىلىپ، ھەر قانداق بىر پاختا ھۈجەيرىسىدىن پاختا تالاسى يېتىشتۈرۈپ چىققان، بۇ تالانى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ باشقا قىسىملىرى ھاجەت ئەمەسكەن.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، كېۋەزنىڭ يوپۇرماق، غول، يىلتىز، مېۋىسى ۋە چىگىتتىن ئېلىنغان ھۈجەيرىنى ئاۋۋال ئوزۇقلۇق ۋە گورموندىن تەركىب تاپقان يېرىم قاتتىق ھالەتتىكى ئۆستۈرگۈچتە ئۆستۈرگەن، تاكى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان ئۆسمە ھالەتكە كەلگەندە، گونايارىتىك توقۇلما دەپ ئاتىغان. شۇ چاغدا بىر پارچە گونايارىتىك توقۇلما ئىچىدە شېكەر، رودا، تۇز ۋە گورمون بولغان مۇقىملانغان ئاسما ئۆستۈرگۈچ ئەسۋابىغا سېلىپ قويۇلسا، ھۈجەيرە ئۆستۈرگۈچ ئەسۋابىدا پەيدىنپەي ئۆسۈپ، ئاخىر تالا شەكىللەنگەن.

بۇ خىل ئۇسۇلدا پاختا يېتىشتۈرۈلسە نۇرغۇن مىقداردىكى تېرىلىدىغان يەرلەرنى بوشاتقىلى، يۇقىرى سۈپەتلىك پاختا تالاسىنى يېتىشتۈرگىلى، شۇنداقلا كېۋەزنىڭ يىلتىز، غول، يوپۇرماقلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدىكى ئاۋارىچىلىقلاردىن خالىي بولغىلى ۋە بىر مۇنچە راسخوتنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

تېخىمۇ قىزىقارلىق شۇكى، مىكروپسىزلاندۇرۇپ يېتىشتۈرۈلگەن پاختا تالاسىدىن دوختۇرخانىلاردا ئىشلىتىلىدىغان داكا ۋە بىنتلارنى بىۋاستە ئىشلەپچىقارغىلى بولىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تەجرىبىخانىدا يېتىشتۈرۈلگەن پاختا قەغەزدىن قەغەز پۇل ئىشلەنسە، دۇنيادىكى قەغەز پۇللارغا زادى ساختىلىق ئارىلىشالمايدىكەن، چۈنكى بۇ خىل تالانى پەرق ئېتىش ئوڭاي بولغاچقا، ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ ئىشلەش قىيىن ئىكەن.

(گۇاڭشى «ياچىيىگا تۇرمۇشى» دىن)

# بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، خالىسانە تۆھپە يارىتىش روھى بىلەن ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلەۋاتقان بۈگۈر ناھىيىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارە پارتىيە ياچېيكىسى

غاپپار نىياز، قۇدرەت مىجىت

بۈگۈر ناھىيىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادنى نازارەت قىلىش، مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلىش فۇنكسىيىسى ۋە بازارنى جانلاندۇرۇش، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ ئىدارە رەھبەرلىك بەنزىسى ئىلگىرى ئاجىز، چېچىلاڭغۇ بەنزە ئىدى. زورۇر قائىدە - تۈزۈملەر ئورنىتىلمىغان، بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈش ۋە ناچار ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ تەسىرى بىلەن ناتوغرا ئىستىللار خېلى ئەۋج ئالغان، خىيانەتچىلىك، ئومۇمنىڭ پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىش، قاقتى - سوقتى قىلىش، كۆپ يەپ - كۆپ ئىگەللىۋېلىش، ئادەم ئۇرۇش، تىللاش، ھاراق ئىچىپ ئىشقا چىقىش، ئىشقا كېچىكىپ كېلىش، بالدۇر قايتىشتەك ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرغان. 1986 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەرتىپكە سالغان. يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى ئىدارىدا كېلىپ چىققان مەسىلىلەرنىڭ مەنبەسىنى تەھلىل قىلىپ، ئالدى بىلەن رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى، پارتىيىلىك كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىش رولىدىن ئىبارەت «ئۈچ رول» نى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يادرولۇق ئورنىنى كۈچەيتكەن، سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاك، دىيانەتلىك بولۇش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، خالىسانە تۆھپە يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قاتتىق ئىنتىزاملىق بولغان، جاپاغا چىداپ بىجانىدىل ئىشلەيدىغان، بەس - بەستە تۆھپە يارىتىدىغان، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىتتىپاقلىق ۋە پاكلىقنى سۆزلەيدىغان، پارتىيىگە شان - شەرەپ كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدىغان يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. 1990 - يىلى تۈرلۈك باشقۇرۇش راسخوتىنى يىغىش ۋەزىپىسىنى 400 مىڭ 408 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، شۇ يىلى ئورۇنداشقا تېگىشلىك 164 مىڭ يۈەندىن 2.4 ھەسسە ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان. ئىدارە پارتىيە ياچېيكىسى 1986 - يىلدىن بۇيان ئىلگىرى - ئاخىر ناھىيە بويىچە «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ»، ئوبلاست بويىچە «ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى»، «ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن»، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بويىچە «ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشىپ كەلگەن.



← ئىدارە پارتىيە ياچېيكىسى ئۆز قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، نورمال سىياسىي تۇرمۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىدنى كۈچەيتىپ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئاساسىدا كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى كۈچەيتكەن. چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ياچېيكىنىڭ كوللېكتىپ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈش، ئىدارىدىن تۈزۈلگەن تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەرنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا بولغان نازارەتچىلىك ۋە رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ناھىيە بويىچە نازارەت قىلىش تورى، پاش قىلىش ساندۇقى ۋە تېلېفونى ئورنىتىپ، قەرەللىك ھالدا كارخانا ۋە يەككە تىجارەتچىلەر ئارىسىدىكى نازارەت قىلىش سىستېمىلىرىغا بېرىپ پىكىر ئېلىپ خىزمەتنىڭ روشەنلىكىنى ئاشۇرغان.



← 24 تۈر بويىچە ھەر خىل قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ قەتئىي ئىجرا قىلىپ، تۈزۈم بولماسلىق، بولسىمۇ ئىجرا قىلماسلىقتەك ئەھۋاللارغا خاتىمە بېرىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قانۇن - پرىنسىپلار ئىزىغا سالغان.

سۈرەتتە: ئىدارە باشلىقى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى يولداش جىبەك فاڭدا ئىزىملاش رەسمىيىتىدىن ئۆتكۈزۈلگەن كارخانا ۋەكىللىرىگە «تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى» تارقاتماقتا.

← مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، «ئىككىدىن ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، بىر بىرىگە كۆيۈنۈش، بىر بىرىگە ياردەم بېرىشتەك سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرگەن. مىللىي رايون ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئىككى خىل تىل يېزىقنى ئۆگىنىشنى تۈزۈم قىلىپ بېكىتكەن ھەم دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم ھاسىل قىلغان.



سۈرەتتە: خەنزۇ كادىرلار بىلەن مىللىي كادىرلار ئۆز - ئارا تىل ئۆگەنمەكتە.



← پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى پائال ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئوبيېكتلارنى تەربىيەلەشنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە نىزامنامىسىدا بەلگىلەنگەن پارتىيە ئەزالىرى ئۆلچىمى بويىچە يېتىشىپ يېتىلگەن ئاكتىپلارنى قوبۇل قىلىپ، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرغان.

سۈرەتتە: باچېيكىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئاكتىپلار بىلەن سىرداشماقتا.



← جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، نورمال كەسپىي خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ خالىس ئەمگەككە قاتنىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، 72 كۋادرات مېترلىق بىر مەجلىسخانا سالغان، سودا بازىرى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان بىر قىسىم سېمونت تاختا، سېمونت قىش، سېمونت نو قاتارلىقلارنى ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەپ، يوللارغا شېغىل ياتقۇزۇپ، دۆلەتكە 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ تېجەپ بەرگەن.

سۈرەتتە: ئىدارىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان سودا بازىرى دەرۋازىسىدىن بىر كۆرۈنۈش.





↑ كادىرلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سودا بازىرىنىڭ نورمال تىجارىتىگە بولغان نازارەت ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇنسىز قىلمىشلارنى ۋاقتىدا بايقاپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

سۈرەتتە: كادىرلار نارازا ـ جىڭلارنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش دەرىجىسىنى تەكشۈرمەكتە ھەمدە ناچار، ساختا بويۇملارنى كۆيدۈرمەكتە.

(غ. نىيازى، گوداۋشىن، ماشىجۈگلار فوتوسى)

## لېنىننىڭ ۋاپات بولۇشىدىكى سەۋەب

1921 - يىلى ئاخىرى لېنىن بېشى قاتتىق ئاغرىپ كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتى. كېيىن ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلاپ كېتىپ ئوڭ قولى ئۆتمەس، سول پۇتى ياسىماس بولۇپ قالدى. بەزىلەر بۇ لېنىننىڭ 1918 - يىلى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا، تاغاق سۆڭىكىدە قالغان ئوق پارچىسىنىڭ يامان ئاقىۋىتى دەپ قارايدۇ. ئوپېراتسىيە ئارقىلىق ئوق پارچىسى ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىنمۇ، كېسەللىك ئالامەتلىرى ئۆزگەرمەيدۇ ۋە يېنىكلىمەيدۇ. لېنىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرۈش ئارقىلىق بۇ سىر ئېچىلدى: ئەسلىدە، لېنىننىڭ مېڭە قان تومۇرى قېتىش ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر بولغان، قان تومۇرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھاكلىشىپ كەتكەن. دوختۇرلار موچىنى بۇنداق قان تومۇرغا ئۇرغاندا، گويا تاشنى ئۇرغاندەك ئاۋاز چىققان. بۇ قان تومۇرلاردىن قىلدەك سىممۇ ئۆتمىگەن. مانا بۇ لېنىننىڭ 54 يېشىدا بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشقانلىقىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى. ئۇ چاغدا جەسەتنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا قاتناشقان دوختۇرلار ئىنتايىن ھەيران قالغان، لېنىننىڭ مېڭىسىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇنداق ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان تۇرۇقلۇقمۇ، بەنە ئۇ قانداق پىكىر قىلالىغان؟ چوڭقۇر مەنىلىك نادىر ئەسەرلەرنى قانداقمۇ ئېيتىپ بېرىپ خاتىرە قالدۇرغۇزغان؟ مۇبادا قەيسەر ئىنقىلابىي ئىرادە، ئادەتتىن تاشقىرى غەيرەت ۋە پارتىيە، خەلققە غايەت زور مەسئۇلىيەتچانلىق بولمىغان بولسا، بۇنداق چىدامسلىق بولۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

(«پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ئائىت ماقالىلەردىن تاللانما»دىن)

## ئومۇم ئىشنى بىلەن رەنىم بولۇپ پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەمەناتى توغرىسىدا

گورۋېيەن 1978 - يىلى تارقاتقان «ئىشچىلارنىڭ پېنسىيىگە چىقىش، خىزمەتتىن چېكىنىشى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارە»دە مۇنداق بەلگىلەنگەن: ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلار ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلاردا ئىش ئۇستىدە مېيىپ بولغان ئىشچىلار دوختۇرنىڭ ئىسپاتى بولسا ھەمدە ئەمگەك باھالاش كومىتېتى تەرىپىدىن ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بولسا، پېنسىيىگە چىقسا بولىدۇ. ئۇلار پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، تاكى ۋاپات بولغىچە ھەر ئايدا ئۇلارغا تۆۋەندىكى ئۆلچەم بويىچە پېنسىيە پۇلى بېرىلسە بولىدۇ: ئىش ئۈستىدە مېيىپ بولۇپ ئەمگەك ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، يېمەك — ئىچمەك، يېتىپ - قوپۇشتا ئۆز ھاجىتىدىن چىقالمايدىغانلارغا مەزكۇرنىڭ ئۆلچەملىك ئىش ھەققىنىڭ 90% ى بويىچە پېنسىيە پۇلى بېرىلسە بولىدۇ ھەمدە ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ مەلۇم مىقداردا كۈتۈش راسخوتى بېرىلسە بولىدۇ، كۈتۈش راسخوتىنىڭ ئۆلچىمى ئومۇمەن ئادەتتىكى ئىشچىنىڭ ئىش ھەققىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك، يېمەك - ئىچمەك، يېتىپ - قوپۇشتا، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايانمايدىغانلارغا ئۆز ئىش ھەققىنىڭ 80% ى بويىچە پېنسىيە پۇلى بېرىلسە بولىدۇ.

## ئەمگەك مىنىستىرلىكى «ئىچكى جەھەتتىن قوبۇل قىلىش»، «ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇش»قا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلىدى

دۆلەت ئەمگەك مىنىستىرلىكى يېقىندا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى «ئىچكى جەھەتتىن قوبۇل قىلىش» ۋە «ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇش» ئۇسۇلىنى چەكلەپ ۋە تۈزىتىپ، «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشچى قوبۇل قىلىش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»نى داۋاملىق ئىزچىل ئىجرا قىلىشنى قايتا تەكىتلىدى.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «ئىچكى جەھەتتىن قوبۇل قىلىش»، «ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇش»نى يولغا قويۇش دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپ، كارخانىلارنىڭ لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تاللاپ ئىشلىتىشكە پايدىسىز، ئۇنداق قىلىش ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ۋە خادىملارنىڭ قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا ئەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، بەلكى كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇرەككەپ ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈپ، كارخانىلارنى باشقۇرۇشقا قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئەمگەك تارماقلىرىدىن ئىشچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك ۋە نازارەتنى كۈچەيتىپ، ئىمتىھان ئېلىش ۋە

تاللاپ قوبۇل قىلىش چارىسىنى ياخشىلاپ، ئىشچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىدىكى روشەنلىك دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىشچى قوبۇل قىلىش پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىپ، «ئىچكى جەھەتتىن قوبۇل قىلىش»، «ئورنىغا قوبۇل قىلىش» بىلەن شۇغۇللانغان ئورۇنلارغا تەنقىد، تەربىيە بېرىش ھەمدە ئۇنى چەكلەش ۋە تۈزىتىش لازىم.

(«ياشانغانلار ھەپتىلىك گېزىتى»دىن)

## كادىرلارنى تەكشۈرۈش دائىرىسى ۋە شەرتىنى ھەققىدىكى يېڭى بەلگىلىمە

كادىرلار مىنىستىرلىكى يېقىندا بەلگىلىگەن «كادىرلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»دە كادىرلارنى تەكشۈرۈش دائىرىسى ۋە شەرتلىرى تۆۋەندىكىدەك بەلگىلەنگەن:

ھەر دەرىجىلىك كادىرلار تارماقلىرى تۆۋەندىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرەرسىنى ئاساس قىلىپ دۆلەت ئورگانلىرى ۋە كەسپىي، كارخانا ئورۇنلىرى ئارا كادىرلارنى يۆتكەپ تەكشۈرۈپ بەرسە بولىدۇ: كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش مەقسىتىدە تەكشۈرۈلىدىغان خادىملار؛ دۆلەتنىڭ ئۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرى، زور يەن - تېخنىكا تۈرلىرى ۋە دۆلەتنىڭ ئۇقتىلىق كۆچەيتىلىدىغان تارماقلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش؛ ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارنى تولۇقلاش، چەت، ياقا، نامرات رايونلارغا ۋە جاپالىق كەسىپلەرگە ياردەم بېرىش؛ دۆلەت ئورگانلىرى ۋە كەسپىي، كارخانا ئورۇنلىرىدىكى بوش ئورۇننى تولۇقلاش؛ ئورۇنلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، بىرلىشىپ كەتكەن ياكى شتات كېمەيتىلگەن سەۋەبلەر بىلەن ئېشىپ قالغان خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش؛ كەسپىي ۋە ئالاھىدىلىكى ھازىر ئىشلەۋاتقان خىزمىتىگە ماس كەلمەيدىغان خادىملارنى تەكشۈرۈش؛ ئۇزاق ۋاقىت بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ باشقا جايدا ئىشلەۋاتقان ئەر - خوتۇنلار ياكى پەۋقۇلئاددە قىيىنچىلىقى بولغانلارنى تەكشۈرۈش؛ دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي، كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ باشقا خىزمەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش.

(«پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ئائىت ماقالىلەر»دىن تاللانما»دىن)

## كارخانا كادىرلىرى تۈزۈمىدىكى ئىسلاھات

كادىرلار مىنىستىرلىكىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللار يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن بىر سۆھبەت يىغىنىدا كارخانا كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىدىكى «قىزىتما نۇقتىلار» ئۈستىدە ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

كارخانىلاردىكى كادىرلارنى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى كادىرلار بىلەن ئوخشاش باشقۇرۇش كېرەكمۇ - يوق؟ مەركەز ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىلارنى ئايرىش يۆنىلىشىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، مەركەزدىكى تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل يولداشلار شۇنى ئېنىق كۆرسەتتىكى، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىشتا، كارخانىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە مۇناسىپ ۋە ئۇيغۇن كېلىدىغان كادىرلار تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كادىرلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ باشقۇرۇش كېرەكمۇ - يوق؟ مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى تۈرلەرگە ئايرىپ باشقۇرۇش كېرەك دەپ قارايدۇ. تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش «بۆلۈپ باشقۇرۇش» ئەمەس، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى خاربىن شەھىرىدە كارخانىلاردىكى پارتىيە ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىكى كادىرلار تۈزۈمىنى سىناق قىلىپ يولغا قويۇۋاتىدۇ، دۆلەت كادىرلار مىنىستىرلىكىمۇ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا كادىرلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى بىر قاتار چارە ۋە قائىدىنى ئىشلەۋاتىدۇ.

كارخانىدىكى زاۋۇت باشلىقى، جىڭلىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى توغرىسىدا كۆپ خىل شەكىلنى قوللىنىش كېرەكمۇ ياكى بىرلا خىل تەيىنلەش تۈزۈمىنى قوللىنىش كېرەكمۇ؟ ئۆتكەندىكى تەيىنلەش تۈزۈمىگە قايتىش مۇمكىن ئەمەس. ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن، كۆپ خىل شەكىلنى قوللىنىش كېرەك. مەسىلەن، زىيان تارتقان ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلار خېرىدار چاقىرسا بولىدۇ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى بەزى كارخانىلار تاللاپ تەكلىپ قىلىشنى يولغا قويسىمۇ بولىدۇ، لېكىن، چوڭ تىپتىكى كارخانىلار خېرىدار چاقىرىشنى يولغا قويماسلىقى كېرەك، خېرىدار چاقىرىش، تاللاپ ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىشنى كېڭەيتىۋېتىشكە بولمايدۇ.

كارخانىلاردىكى ئوتتۇرا قاتلام كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى توغرىسىدا. بۇ جەھەتتە ئۇنداق ياكى بۇنداق تالاش - تارتىشلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ: بىرىنچىدىن، ئوتتۇرا قاتلام كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشتا، پارتىيىنىڭ كادىرلارنى

باشقۇرۇش پىرىنسىپى گەۋدىلەندۈرۈلۈشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، كارخانىلاردىكى ئوتتۇرا قاتلام كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتە، بىرلا ئادەمنىڭ گېپى گەپ بولماسلىقى، كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىنىشى لازىم؛ ئۈچىنچىدىن، مۇزاكىرە قىلغاندا، تەكشۈرگەندە، زاۋۇت باشلىقى، جىگىللارنىڭ پىكرىنى كۆپرەك ئاڭلاش كېرەك، زاۋۇت باشلىقى، جىگىللار بۇ جەھەتتە بىر قەدەر زور پىكىر قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

(جىن يۇ)

## پارتىيىمىزنىڭ دەسلەپكى قوراللىق ساقچى قىسمى

1937 - يىلى ماۋزېدۇڭ قاتارلىق مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىرى يەنئەنگە كېلىدۇ. شۇ چاغدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يەنئەندە تۇرۇشلۇق ئورگىنىدىن باشقا، يەنە گومىنداڭنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئالاقىلىشىش ئورگىنى بار ئىدى. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تۈرغۇنلىغان مۇخبىرلىرىمۇ بۇ يەرگە كېلىپ زىيارەت قىلىپ تۇراتتى. ئىشپىيونلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت قارار قىلىپ، 1938 - يىلى مەركىزىي ئامانلىقنى ساقلاش باشقارمىسى ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەش ئەترىتى ۋە تەكشۈرۈش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن 35 نەپەر كادىر، جەڭچىنى ئاجرىتىپ كىچىك بىر قوراللىق ساقچى قىسمىنى رەسمىي تەشكىللىدى، زولىجۇ ئەترەت باشلىقى، چېن چاڭبىڭ يېتەكچى بولدى. بۇ قوراللىق قىسىم ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىغاندىن كېيىن، 1947 - يىل 3 - ئايدا ئايىتىدىن كۆلرەڭ ھەربىي كىيىم كەيدى.

(ئابدۇللا ئاۋۇت رەتلىگەن)

## كونا جۇڭگودىكى تەڭسىز شەرتنامىلەردىن قانچىسى بار

كونا جۇڭگو جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا، بوزەك قىلىنىشىغا بەتتەر ئۇچرىغان ئىدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1842 - يىلى بىرىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن تارتىپ، 1919 - يىلى 4 - ماي ھەرىكىتىگە قەدەر، ھەر قايسى جاھانگىر كۈچلۈك دۆلەتلەر جۇڭگوغا بېسىم ئىشلىتىپ ئىمزالىغان تەڭسىز شەرتنامە 709 غا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ئەنگلىيىنىڭ 163، ياپونىيىنىڭ 153، چاررۇسىيىنىڭ 104، فرانسىيىنىڭ 73، گېرمانىيىنىڭ 47، ئامېرىكىنىڭ 41، بېلگىيىنىڭ 26، پورتۇگالىيىنىڭ 13، ئىتالىيىنىڭ يەتتە، گوللاندىيىنىڭ بەش، ئاۋىستىرىيىنىڭ بەش، ئىسپانىيىنىڭ تۆت. يۇقىرىقىلار ئىچىدە «كۈچلۈك»لەر قاتارىغا كىرمەيدىغان بەزى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگوغا بېسىم ئىشلىتىپ ئىمزالىغان تەڭسىز شەرتنامىلىرىدىن 68 ى بار. بۇ 709 تەڭسىز شەرتنامىنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن زېمىن بۆلۈۋېلىش، ئۇرۇش چىقىمى تۆلىتىش، ئەسكەر تۇرغۇزۇش، كونسېسسىيە تەسىس قىلىش، ئاموژنا ئېچىش، كونسۇللارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىنى بەلگىلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ، كونا جۇڭگونىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ، ۋەتەننى ھاقارەتكە دۇچار قىلغان زۇلمەتلىك تارىخىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

(«پارتىيە مەمۇرىيەت ئىشلىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە»دىن)

## شەھەرلەرنىڭ دەرىجىگە ئايرىلىشى

شەھەرلەر كىچىك شەھەر، ئوتتۇرا شەھەر، چوڭ شەھەر، ئالاھىدە چوڭ شەھەر ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى شەھەر دەپ بەش دەرىجىگە ئايرىلىدۇ. ئادەتتە دەرىجىگە ئايرىش ئۆلچىمى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: نوپۇسى 200 مىڭدىن تۆۋەن بولغانلىرى كىچىك شەھەر دەپ ئاتىلىدۇ؛ نوپۇسى 200 مىڭدىن 500 مىڭغىچە بولغانلىرى ئوتتۇرا شەھەر دەپ ئاتىلىدۇ؛ نوپۇسى 500 مىڭدىن 1 مىليونغىچە بولغانلىرى چوڭ شەھەر دەپ ئاتىلىدۇ؛ نوپۇسى 1 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن شەھەرلەر ئالاھىدە چوڭ شەھەر دەپ ئاتىلىدۇ؛ نوپۇسى 10 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن شەھەرلەر دەرىجىدىن تاشقىرى شەھەر دەپ ئاتىلىدۇ.

ھازىر، پۈتۈن دۇنيادا نوپۇسى 1 مىليوندىن ئاشقان ئالاھىدە چوڭ شەھەرلەردىن 197 سى بار. بۇنىڭ 85 ى ئاسىيادا (جۇڭگودا 29)، ئافرىقىدا 13، لاتىن ئامېرىكىدا 43، ئوكيانىيىدە تۆتى بار. دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ شەھەرلەردىن دۇنيا بويىچە بەشى بار، ئۇلار: ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرى، جۇڭگونىڭ شاڭخەي شەھىرى، برازىلىيىنىڭ سەنپول شەھىرى، ئامېرىكىنىڭ نيۇ - يورك شەھىرى، مېكسىكىنىڭ مېكسىكا شەھىرى قاتارلىقلار.

(ئابدۇللا ئاۋۇت رەتلىگەن)

## دورا ئىچىش ۋاقتىنى قانداق قىلغاندا توغرا مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ؟

كۆپىلىگەن دوختۇرخانىلاردىكى دورىگەرلەر بىمارلارغا دورا بەرگەندە، كۈندىلىك دورا ئىچىش قېتىم سانىنى «بىر كۈندە ئۈچ قېتىم ياكى تۆت قېتىم ئىچىلىدۇ» دەپ جېكىلەيدۇ. ئەمما دورا ئىچىشنىڭ كونكرېت ۋاقتىنى دېمەيدۇ. دورىگەرلىك ئىلمىي نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئىچكەن دورىنىڭ قانغا شىمۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قاندا تۇرۇش ۋاقتى بويىچە چۈشەندۈرگەندە، دورا ئىچىشنىڭ قېتىم سانىنى بىر سوتكا (24 سائەت) بويىچە ھېسابلاش ئەڭ توغرا ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئانتىبىئوتىك (مىكروبقا قارشى تۇرغۇچى) دورا تېتراسىكلىننى (سىخۇەنسۇ) ئالايلى، ئۇنىڭ قاندا تۇرۇش ۋاقتى ئالتە سائەت بولغاچقا، ھەر ئالتە سائەتتە بىر قېتىم ئىچىشكە توغرا كېلىدۇ. 24 سائەت بويىچە ھېسابلىغاندا، بىر سوتكىدا تۆت قېتىم ئىچىش كېرەك. مانا بۇ كۈندىلىك دورا ئىچىش قېتىم سانىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى. ھەر بىر ئادەمنىڭ خىزمەت قىلىش ۋە ئارام ئېلىش ۋاقتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ دورا ئىچىش ۋاقتىنى ئىلگىرى - كېيىن سۈرۈشكە بولىدۇ. ئەمما بىر قېتىملىق دورا ئىچىش ۋاقتى بىلەن يەنە بىر قېتىمنىڭ ئارىلىقى چوقۇم ئالتە سائەت بولۇش كېرەك. كۈنىگە ئىككى قېتىم ئىچىلىدىغان دورىلار 12 سائەتتە بىر قېتىم، كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىلىدىغان دورىلار ھەر سەككىز سائەتتە بىر قېتىم ئىچىلىشى كېرەك.

دورا ئىچىش ۋاقتىنى توغرا ئىگىلەپ، دورىنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلانغاندىلا، ئەڭ يۇقىرى داۋالاش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

مۇھەممەت ھامۇت

## دورىنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاقتىنى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك

دورىلارنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاقتى دورا ماركىسىدا ئۈچ خىل بەلگە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، ئۈنۈملۈك ۋاقتى ئاي بىلەن ھېسابلىنىدۇ، مەسىلەن، ئۈنۈم بېرىش ۋاقتى 1990 - يىل 7 - ئاي دەپ كۆرسىتىلگەن بولسا، شۇ دورا 1990 - يىل 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن ئىلگىرى ئۈنۈم بېرىدۇ. ئىككىنچى، ئۈنۈم بېرىش ۋاقتى بىۋاسىتە كۆرسىتىلگەن بولىدۇ، مەسىلەن، ئۈنۈم بېرىش ۋاقتى 1990 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى دەپ كۆرسىتىلگەن بولسا، شۇ دورىنى 1990 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۈچىنچى، دورىنىڭ ئەسلىي نومۇرىدىن شۇ دورىنىڭ ئۈنۈم بېرىش ۋاقتىنى ھېسابلاپ چىقىرىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، دورىنىڭ ئەسلىي نومۇرى 881025، ئۈنۈم بېرىش ۋاقتى ئىككى يىل دەپ كۆرسىتىلگەن بولسا، شۇ دورىنىڭ ئۈنۈم بېرىش ۋاقتى 1990 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە بولىدۇ. شۇنى ئەستە ساقلاش كېرەككى، دورىنىڭ ئەسلىي نومۇرىدىكى ئالتە خانىلىق سانىنىڭ ئالدىنقى ئىككى خانىلىق سان شۇ دورا ئىشلەپچىقىرىلغان يىلنى، ئوتتۇرىدىكى ئىككى خانىلىق سان ئاينى، ئاخىرىدىكى ئىككى خانىلىق سان كۈننى كۆرسىتىدۇ.

(«پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ئائىت ماقالىلەر»دىن تاللانمىدىن)

## يېڭى دەملەنگەن چاينىڭ شامىسى بىلەن پىيالىدىكى داغنى چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ

ھەممىگە ئايانكى، چاي ئىچكەن پىيالىدە بىر قەۋەت قوڭۇر داغ پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ھەر قېتىم چاي ئىچكەندىن كېيىن پىيالىنى يۇيۇپ تۇرغان تەقدىردىمۇ، داغ پاكىز چىقىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، چاينى ئىچىپ بولۇپ، شۇ چاينىڭ شامىسىدا شۇ پىيالىنى سۈرتۈپ يۇيۇۋەتسە، چىندا داغ قالماي چىقىپ كېتىدۇ.

(«پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ئائىت ماقالىلەر»دىن تاللانمىدىن)

## سەي قورۇغاندا سۇنى ئەپچىل ئىشلىتىش

يېمەكلىكلەر تەركىبىدىكى ۋىتامىن B نىڭ تۈگەپ كېتىش دەرىجىسى تاماق ئىتىش ۋاقتى بىلەن توغرا تاناسىپ بولغاچقا، تاماق ئەتكەندە قايناقسۇ ئىشلەتسە، ھەم تاماق تېز پىشىدۇ، ھەم ئوزۇقلۇق قىممىتىنىڭ يوقىلىشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

دۇخۇنى پىشۇرۇشتىن ئاۋۋال قايناقسۇغا ئۇن نەچچە مىنۇت چىلاپ قويغاندا، ئۇنىڭدىكى غەيرىي پۇراقنى چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ.

سەي قورۇغاندا، قايناقسۇ قۇيۇپ تۇرۇپ قورۇغان سەي تەملىك بولىدۇ.

# ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە بەش مۇناسىۋەتنى ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك

— بۇگۇر ناھىيەسىدىكى بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت خاتىرىسى

غاپپار نىياز، قۇدرەت مىجىت



يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئاساسىي قاتلاملاردا، بولۇپمۇ يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پارتىيە ياچېيكىسى يادرولۇقىدىكى كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە سوتسىيالىستىك ئىدىيۋى تەربىيە خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشلىك ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەتتە، يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە خىزمىتىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولدى. يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىرى قانداق قىلغاندا پارتىيىنىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھى بويىچە ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە — پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىرى ئالدىغا قويۇلغان بىر يېڭى مەسىلە. بىز بۇ مەسىلىگە بىر قەدەر توغرا جاۋاب ئىزلەش ئۈچۈن، بۇگۇر ناھىيەسىدىكى بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدۇق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يىللىق ياچېيكا خىزمىتىنى ئىشلەش تەجرىبىلىرىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگەن ھالدا يەكۈنلەش، پاكىتلىق دەلىللەش ئارقىلىق ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكىر ۋە قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنى مۇنداق بەش مۇناسىۋەتنى ئوبدان ھەل قىلىشقا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

## 1. باشلامچىلىق بىلەن بېيىش بىلەن بېيىشقا يېتەكلەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك

يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەقسىتىنى ئىسىدە مەھكەم ساقلاپ، باشلامچىلىق بىلەن بېيىش بىلەن پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنى ئورتاق بېيىش يولىدا مېڭىشقا يېتەكلەشنى چىڭ تۇتۇپ، باشلامچىلىق بىلەن بېيىش بىلەن بېيىشقا يېتەكلەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىشى كېرەك. جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەشتىن ئىبارەت توپ مەقسەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كەڭ ئاممىنى ئورتاق بېيىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىزم يولىغا يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ بېيىش قەدىمىنى تېزلەتكەندىلا ئاممىنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشىغا ئىگە بولغىلى، شۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئوبدان ئىشلىگىلى بولىدۇ. بۇگۇر ناھىيە قارىباغ يېزا 7 - كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ياسىن قاسىم، چۇمپاق يېزا ئالساي كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى نۇر ئەمەت، دادۇلان يېزا يىغباغ كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ئوبۇل

كېرەملەر ئۆزلىرىنىڭ كۆپ يىللىق خىزمەت تەجرىبىسى ئارقىلىق بۇ مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈردى. ئۇلارنىڭ ئورتاق تەسىراتى شۇكى، بىر تەرەپتىن، دېھقانلار ئاممىسى بېيىشنى ئويلىغان، ئەمما بېيىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ۋاقىتتا، پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىرى پارتىيىنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياسىتىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، بېيىشتا باشلامچى بولۇشى كېرەك. پارتىيىمىز يېزا ئىسلاھاتى توغرىسىدا تۈنجى 1 - نومۇرلۇق ھۆججەتنى چىقىرىپ، يېزىلاردا يەرلەرنى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويغاندا، بەزى دېھقانلار پارتىيىنىڭ سىياسىتىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنچ قىلالماي، يەرلەرنى ھۆددە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغاندا، ياچېيكا شۇجىلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۈلگە كۆرسىتىپ يەرلەرنى ھۆددە ئېلىپ، تۈرلۈك چارىلەر بىلەن ھالال ئەمگەك ئارقىلىق بېيىشنىڭ يوللىرىنى ئېچىپ، بېيىشتا باشلامچى بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئامما ئويغىنىپ، پارتىيە سىياسىتىنىڭ توغرىلىقى ۋە ئىزچىللىقىغا بولغان ئىشەنچىسى ئېشىپ، بېيىشنى ئويلىغان ئەمما بېيىشقا مادارى يەتمىگەندە، ياچېيكا شۇجىلىرى يەنە ئۆز جايىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئاممىنى سوتسىيالىستىك ئورتاق بېيىش يولىغا باشلامچىلىق بىلەن يېتەكلىگەن. يولداش ياسىن قاسىم شۇجىلىقىدىكى قارىباغ يېزا 7 - كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ئۆز كەنتىنىڭ ناھىيە بازىرىغا يىراق، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، يەرلىرى ئۈنۈمسىز بولۇشتەك ئەمەلىي ئەھۋالىنى قايتا - قايتا ئويلىشىپ، پارتىيىنىڭ بېيىش سىياسىتىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە تەشۋىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بېيىشقا يار - يۆلەك بولۇش ۋە بېيىش يوللىرىنى ئېچىشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇلار كوللېكتىپتىن 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، توك سىمى تارتىپ، 312 ئائىلىنى ئېلېكتر بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى دېھقانلارنىڭ بېيىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئاساسىدا، كىچىك تىپتىكى يەرلىك خام ئەشيالارنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى پەيدىنپەي راۋاجلاندۇرۇپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى زورايتىشنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى ياراتقان؛ ئاممىنى تەشكىللەپ، زەيكەش چېپىپ، تۇپراقنى ياخشىلىغان؛ دېھقانلار پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىشقا ئىنتىلگەن، ئەمما پۇلدىن قىسىلىپ تۇرۇپ قالغاندا، ياچېيكا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، كوللېكتىپتىن 37 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ ئالدىن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىش يولى بىلەن سورتلۇق ئۇرۇق، سۇلياۋ يوپۇق، خىمىيۋى ئوغۇت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاممىنىڭ بېيىش قەدىمىنى تېزلەتكەن. بۇنىڭ بىلەن پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئوبرازى ياخشىلىنىپ، ئۇيۇشۇش كۈچى، جەلپ قىلىش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقى كۈچىيىپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش ئىمكانىيىتى يارىتىلغان.

## 2. پارتىيىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ياچېيكىدىن ئىبارەت بىر بەن ئادەمنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ياچېيكا شۇجىسى بىلەن ياچېيكا ھەيئەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش كېرەك

يېزىلاردا ئۆز جايىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ھازىرقى سەۋىيىسى ۋە بايلىق مەنبەسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا ئۆز يېزىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە قىسقا مۇددەتلىك تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ، ھەقىقىي ئىجرا قىلىشقا بولىدىغان ئەمەلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاممىنى يېتەكلەپ ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مول مېۋىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ياچېيكا شۇجىسىنىڭ ئاچقۇچلۇق رول ئوينىشىدىن باشقا، ياچېيكا ھەيئەتلىرىنىڭ ئورتاق ماسلىشىشىمۇ ئىنتايىن

مۇھىم. پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىي ئىشلىگۈچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇنەۋۋەر ئىدىيۋى - سىياسىي خىزمەت ئىشلىگۈچى بولۇپ، ياچېيكىدىكى بىر بەن ئادەمگە بولغان ئىدىيۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئېچىش، سىردىشىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق بەزىدە ۋە بەزى ئەزالىرىدا كۆرۈلگەن ئىدىيۋى مەسىلەر ۋە ئەمەلىي مەسىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، ئۇلارنى بىردەك ئىستىمپاقلاشتۇرۇپ، بىر بىرىگە زىچ ماسلاشتۇرۇپ، خىزمەتنى ئوبدان قانات يايدۇرۇش كېرەك. كۆپچىلىكنىڭ ئىدىيۋى مەسىلىرى ھەل بولسا، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە بۇرۇچ تۇيغىسى كۈچىيىپ، يۈكنى ئورتاق كۆتۈرۈپ، پارتىينىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشالايدۇ. چۆمپاق يېزا ئالساي كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى يولداش ئۇر ئەمەتنىڭ تەجرىبىسى دەل بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئالساي كەنت پارتىيە ياچېيكىسى «ئالتىدىن خالى» پارتىيە ياچېيكىسى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، رەھبەرلىك بەنزىدىكى بىر بەن ئادەمنى بىردەك ئىستىپاقلاشتۇرۇپ، كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، نامىزاتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمىنى تېزلەتكەن، ئۇلار ھەر ئاينىڭ 25 - كۈنىنى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ئېچىش ۋاقتى قىلىپ بېكىتىپ، ھەر قېتىملىق يىغىنغا ئۇقتۇرۇشسىز كېلىپ قاتنىشىشنى ئادەتلىك ھەرىكەتكە ئايلاندۇرغان. پارتىينىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە پارتىيىگە ئائىت ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، كوللېكتىپ رەھبەرلىكتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە پىلان - تەدبىر تۈزۈش، تەنقىد - ئۆز ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرۇپ، بەزىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىنغان. شۇنداق بولغاچقا، تۈرلۈك خىزمەتلەر يۈرۈشۈپ، زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن، ھەر يىلى 400 مودىن يەرنى سالالاشتۇرۇشنى پىلانلاپ ۋە ئورۇنلاش قىلىپ، 1986 - يىلىدىن بۇيان 2400 مو يەرنى سالالاشتۇرۇپ، ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىشنى بولغا قويغان؛ ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى توققۇز يىلدا ئۈچ ھەسسە ئاشقان. 1981 - يىلى ئوتتۇرىچە كىشى بېشى كىرىمى 181 يۈەن بولۇپ، ھازىر 769 يۈەنگە يەتكەن.

## 3. خىزمەت ئىستىلىنى توغرىلاپ، ئاممىغا كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، مەۋھۇم ئىش بىلەن ئەمەلىي ئىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك

پارتىيە ياچېيكىسى پارتىينىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشتىكى ئەڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى بولۇپ، ئاممىا بىلەن قويۇق ئالاقىسى بولىدۇ، پارتىينىڭ تۈرلۈك كونكرېت سىياسەتلىرى كەڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ تەشۋىق قىلىشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ئارقىلىق ئىزچىللىشىدۇ. پارتىيە ياچېيكىسىدىكى بىر بەن ئادەم تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ماھىر بولۇپلا قالماستىن، ئاممىا بىلەن زىچ ئالاقە باغلاشتەك ئېسىل ئەنئەنە ۋە ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇپ، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، ئەمەلىي ئىشنى كۆپ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاممىغا ئۈزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كەڭ ئاممىنى پارتىيە تەشكىلاتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، پارتىيە تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇنداش ئۈچۈن ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىشى كېرەك. يولداش ياسىن دانى شۇجىلىقىدىكى بۇگۇر ناھىيىلىك تۆز زاۋۇتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ تەجرىبىسى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇلار پارتىينىڭ كارخانا ئىسلاھاتى سىياسىتىنى قايتا-قايتا ئۆگىنىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىغا چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، سىياسەت بىلەن ئاممىنى قوراللاندۇرۇپ، تۆز زاۋۇتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ ۋە يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش بىلەن

بىللە، سىياسەت يول قويغان دائىرە ئىچىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى، ئالابۇق، زاۋۇت ئورنى مەسىلىسى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسى، ئوپۇس مەسىلىسى، قاتناش قوراللىرى مەسىلىسى قاتارلىق ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، زور كۆپچىلىك ئاممىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ، خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرگەن.

## 4. تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەرنى تۈزۈپ ۋە قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈزۈش بىلەن ئىجرا قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش لازىم

قائىدە - تۈزۈملەر تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئاچقۇچ — ئىجرا قىلىشتا. ئىجرا قىلىشتىكى ئاچقۇچ — رەھبەرلىكتە يەنى رەھبەرلىكنىڭ باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىشىدا. يولداش جىبك فاڭدا ياچېيكا شۇجىلىقىدىكى ناھىيلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرى باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسى بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ناھايىتى ياخشى ھەل قىلغان. ئۇلار ئىلگىرى - ئاخىر 24 خىل قائىدە - تۈزۈمنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىجرا قىلىشتا قەتئىي بولۇپ، رەھبەرلەر باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ ئۈلگە كۆرسەتكەن، رەھبەرلەر قائىدە - تۈزۈمنى «قول ئاستىدىكىلەرنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاستىسى» دەپ قاراپ، ئۆزلىرىنى تۈزۈمنىڭ سىرتىغا قويىدىغان ئەھۋالنى كەسكىن تۈزىتىپ، تەلەپتە قاتتىق بولۇش، ئىجرا قىلىشتا كەسكىن بولۇش، مۇكاپات بىلەن جازا ئېنىق بولۇش، كىمدە - كىم خىلاپلىق قىلسا تۈزۈم بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ھەممە ئادەم تۈزۈم بويىچە ئىش قىلىدىغان، «تۈزۈم ئارقىلىق ئادەم باشقۇرىدىغان» ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئىدارە 1986 - يىلى خىلمۇ - خىل سەۋەبلەر بىلەن تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىپ ئىش ھەققى، مۇكاپاتى تۇتۇلغان ۋە جەرىمانە قويۇلغانلار 14 ئادەم قېتىمى بولسا، 1988 - يىلغا كەلگەندە تۆۋەنلەپ 8 ئادەم قېتىمغا چۈشكەن، 1989 - 1990 - يىللىرى قائىدە - تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىپ جەرىمانە تۆلەيدىغانلار كۆرۈلمىگەن.

## 5. پارتىيە ئەزالىرى ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، سان بىلەن سۈپەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ھەل قىلىش لازىم

سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ ئورتاق تەسىراتى شۇكى، لاياقەتلىك بىر پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ھەم ياخشى رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇشقا ماھىر بولۇشى، ھەم يېزىلاردىكى پارتىيە خىزمىتىگە مۇناسىپ كەلگەن ياخشى پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنى قۇرۇشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، يېزىلاردا پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتى ئومۇمەن ئالغاندا ياخشى بولدى. لېكىن يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىدا ياشانغان پارتىيە ئەزالىرى كۆپ، ۋەزىپىسى يوق پارتىيە ئەزالىرى كۆپ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن پارتىيە ئەزالىرى كۆپ ياش ۋە ئايال پارتىيە ئەزالىرى ئاز، ساپاسى تۆۋەن بولۇشتەك ئەھۋال تېخى تولۇق تۈگىتىلگىنى يوق. پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى قىلىشتا ئاچقۇچ - پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە. شۇڭا پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشتا سۈپەتكە سەل قارايدىغان ئەھۋاللارنى قەتئىي تۈزىتىپ، پارتىيە ئەزالىرى ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرىدىغان، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىغا باي، ئاممىنى ئىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئورتاق بېيىشقا يېتەكلىيەلەيدىغان ياشلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىش ۋە ئېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش لازىم.

سۈرەتتە: سۆھبەت يىغىنىدىن بىر كۆرۈنۈش

(غ. نىيازى فوتوسى)

## زەيدىن سۇلتان ماتورلۇق كېمە قاتنىشىنى يولغا قويدى

شايار ناھىيە تويبولدى يېزا سىرماق كەنت 3 - مەھەللىدىكى دېھقان كومپارتىيە ئەزاسى يولداش زەيدىن سۇلتان پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان ئىقتىسادىي سىياسىتىگە ۋە ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ئالدىن بېيىغان دېھقانلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۆز يۇرتىنى كېسىپ ئۆتكەن تارىم دەرياسىدا كۆۋرۈك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان قاتناش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، دېھقانلارغا قاتناش قولايلىقىنى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، 1989 - يىلى 13 مىڭ يۈەن نەق پۇل چىقىم قىلىپ 4 دانە ئاپتوموبىل سىغدۇرىدىغان بىردانە ماتورلۇق كېمە سېتىۋېلىپ، تارىم دەرياسىدا قاتناش كەسىپىنى يولغا قويغان ئىدى. ئۇ ئىككى يىل ئىچىدە 12680 ھارۋا، 500 دىن ئارتۇق ماشىنا، 200 گە يېقىن ھەر خىل تىپتىكى تراكتور، 20 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم قېتىمنى دەريادىن بىخەتەر ئۆتكۈزدى. ئۇ بېيىغاندا نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە مەھكەم ساقلاپ، 200 دىن ئارتۇق ھارۋا، 8000 دىن ئارتۇق ئادەم قېتىمنى ھەقسىز ئۆتكۈزۈپ قويدى. ئۇ يەنە 400 يۈەن نەق پۇل چىقىم قىلىپ، كەنتتىكى غول ئۆستەڭگە بىر باغاچ كۆۋرۈك سالدۇردى. كەڭ ئامما ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپ: «ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كومپارتىيە ئەزالىرىغا خاس ئىستىلنى جارى قىلدۇردى» دېيىشتى.



ئەخەت مەھەممەت

## ئەزىز تۇرسۇنروزى پارتىيە ئىنتىزامى جازاسىغا تارتىلدى

لوپ ناھىيە سامپۇل يېزىسىدا ئىلگىرى - ئاخىر كەنت باشلىقى، ياچېيكا شۇجىسى، ئۇچامىنكا پارتىيە باش ياچېيكا شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن ئەزىز تۇرسۇنروزى ئالدامچىلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كوللېكتىپنىڭ مال - مۈلكىنى خالىغانچە ئىگىلىۋېلىش، ئاياللارنى ئاياق - ئاستى قىلىشتەك رەزىل ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە پارتىيىدە ئىككى يىل قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بەردى. يولداش ئەزىز تۇرسۇنروزى 1987 - يىلدىن بۇيان كوللېكتىپنىڭ 7 مو تېرىلغۇ يېرى، 20 مو كوللېكتىپ ئاچقان بەر ۋە مەسئۇلىيەت ئېتىزىدىن 3 مو يەرنى ئارتۇق ئىگىلىۋالغان. ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ كوللېكتىپنىڭ چارۋا پۇلىدىن 400 يۈەننى خىيانەت قىلغان. كوللېكتىپنىڭ 2500 يۈەنگە باھالانغان 333 تۈپ دەرىخىنىڭ باھاسىنى 516 يۈەنگە چۈشۈرۈپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان، كوللېكتىپنىڭ بىردانە ئات ھارۋىسىنى ئېلىۋالغان، ھوقۇق تۇتقان 5 يىل ئىچىدە 487.5 ئەمگەك كۈچىنى شەخسىي ئىشىغا ھەقسىز ئىشلەتكەن، سىرتقا سۇقۇرۇلۇشىغا ئەمگەكچى ئەۋەتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ بىر نەپەر ئىككى قات ئايالنى ئاياق - ئاستى قىلغان.



ئاتاۋۇللا غوجى

## ئۇ ئىشنى پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاشتىن باشلىدى

لوپ ناھىيە چارباغ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى تۇرسۇننىياز سەيدى رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن بىر نەچچە يىلىدىن بۇيان، ئىشنى پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش، پارتىيە ئىنتىزامىنى كۈچەيتىشتىن باشلاپ، ئۆزىگە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىدىكى بىربەن ئادەمگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پارتىيىنىڭ ئالاقىدار سىياسەت بەلگىلىمىلىرى بويىچە سۇ، توك، يەر باشقۇرۇش ۋە كوللېكتىپ مال - مۈلكىنى ئاسراش توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، خىزمەت ھوقۇقى ۋە خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ پارە قوبۇل قىلىپ ۋە خىيانەت قىلىپ، كوللېكتىپنى ۋە دېھقانلارنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ناچار خاھىشلارنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۇ ئۆزى باشلامچى بولۇپ، بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆزۈەتە ئارتۇق سۇ ئىشلىتىش، تۇيلۇك يەر ۋە خومدان بىرى تەلەپ قىلىش، ھەربى سەپتىن بوشانغان يەرزەنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇچاستىكا ئىگىلىكىدىكى توك تۈگمىنى كەنتكە سېتىۋېلىش مەقسىتىدە تۇتۇلغان سوۋغا ۋە پارىدىن مىڭ يۈەن نەق پۇل، بەش تۇياق قوي، 30 يۈەنلىك ماددىي نەرسىلەرنى قوبۇل قىلماي قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا تەنقىد - تەربىيە بېرىپ، پارتىيە ئىستىلىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.



تۇرسۇننىياز مەتنىياز

## نەپسانىيەتچىلىكنىڭ ئاقىۋىتى

قەشقەر شەھەر نەزەر باغ يېزا 3 - كەنتنىڭ سابىق كاسسىرى غوپۇر تۇرسۇن خىيانەتچىلىك جىنايىتى سادىر قىلىپ، 1991 - يىلى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قەشقەر شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى.

جاۋابكار غوپۇر تۇرسۇن 1987 - يىلى 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 1988 - يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگە قەدەر، كىشىلەردىن تۈي ئورنى ئۈچۈن ئالغان يەر پۇلى، 3 - كەنت ئىگىلىكىدىكى تۈي ساتقان پۇل، كەنت ئىگىلىكىدىكى خومداندىن خىش ساتقان پۇل ۋە كەنت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ساتقان پۇلدىن 10 مىڭ 705 يۈەن 40 فۇڭنى كەنت ھېساۋىغا كىرىم قىلماي خىيانەت قىلغان.



غوپۇر تۇرسۇن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشلەپچىقىرىش تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، بۇرژۇئازىيەنىڭ چىرىتىشىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، پارتىيىلىك سالاھىيىتىنى يوقىتىپ، خىزمەتتىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، خىيانەت قىلىپ، ئاخىر ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىپ، ھەقلىق جازاغا تارتىلدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىبرەت ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئېلىجان روزى

# مۇنەۋۋەر پىلانلىق تۇغۇت خادىمى



يائقۇپجان ئىمىن

«شان ـ شەرەپ قوغلاشماسلىق، ئاپا ـ ئەنىلەرگە قارىماسلىق، ئىززەتلىك قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، خەلق ئۈچۈن ئۆھپە يارىتىش بىز كوممۇنىستلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى» — مانا بۇ غۇلجا ناھىيە ئۈچئون يېزا ئۈچئون كەنت ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ مەسئۇلى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەيئىتى رىزۋانگۈل روزىنىڭ يۈرەك سۆزى.

پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى — سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك، ئىنچىكىلەشتۈرۈش بىر قەدەر قىيىن بولغان خىزمەت. رىزۋانگۈل بۇ خىزمەتنى ئىشلەش جەريانىدا، ئاپا ـ ئەنە، ئىنى ـ ھاقارەت ۋە كەمسىتىشلەرگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە بەزى دوست ـ بۇرادەرلىرى ئۇنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئۇنى بۇ خىزمەتنى ئىشلىمەسلىككە دەۋەت قىلىدۇ. رىزۋانگۈل ئۆزىنىڭ پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىنى، پارتىيىگە كىرىش ۋاقتىدا بەرگەن قەسىمىنى ئەسلەپ، ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىپ، «پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇلۇغ سىياسىتى، مەن بىر كومپارتىيە ئەزاسى تۇرۇقلۇق، پارتىيىنىڭ قارارلىرىنى ۋە سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش يولىدا كۆكرەك كېرىپ مەردانىلەرچە ئىشلىمىسەم، پارتىيە ئالدىدا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن، مەن بۇ خىزمەتنى چوقۇم ياخشى ئىشلەپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا تېگىشلىك ھەسسە قوشىمەن» دەيدۇ ھەمدە دېگىنىدەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ خىزمەت ئىشلەشتىكى كوممۇنىستلارغا خاس شىجائەتلىك روھى، خىزمەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ. رىزۋانگۈل خىزمەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي، ئىشنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى توغرىسىدىكى ھۆججەت، قارار، نىزامنامىلىرىنى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى نىكاھ قانۇنى» نىڭ پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر باب، ماددىلىرىنى ھەر مىللەت ئەر ـ ئاياللىرى ئارىسىدا كەڭ تەشۋىق قىلىشتىن باشلاپ، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنىڭ مەقسىتى، ئەھمىيىتى، رولىنى ئەستايىدىل سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ چۈشەنچىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئايدىڭلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن زور كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ تونۇشى توغرىلىنىپ، پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، تۇغۇتنى چەكلەش چارىلىرىنى قوللىنىدۇ.

لېكىن رىزۋانگۈلنىڭ خىزمىتى ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ. بىر قىسىم فېئوداللىق خۇراپىي ئىدىيىلەرنىڭ ئاسارىتىدىن تېخى قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قارشىلىقى ۋە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرايدۇ، ئۇلار: «سەن بۇ

سەپسەتەلىرىگىنى يىغىشتۇر، بىز مىللىيلارغا پىلانلىق تۇغۇت ئۆيغۇن كەلمەيدۇ. بالىنى تاپساق ئۆزىمىز تاپىمىز، رىسقىنى خۇدا بېرىدۇ، بىزنىڭ بالا تېپىشىمىز بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ نېمە كارى ئىكەن» دەيدۇ. رىزۋانگۈل مانا مۇشۇنداق جىددىي مەسىلە ئالدىدا قىلچە ئىككىلەنمەي، ئاكتىپلارغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، ئىدىيىسى مۇجمەل بولغان ۋە خاتا پوزىتسىيىدە چىڭ تۇرغان نۇقتىلىق ئائىلىلەرنى يىغىپ، پىلانلىق تۇغۇتنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشەندۈردى. بەزىدە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ سۆھبەتلىشىپ خىزمەت ئىشلەيدۇ. كۆپچىلىك ئاممىا پىلانلىق تۇغۇتنىڭ ئەھمىيىتىنى پەيدىنپەي چۈشىنىپ ئۇنى قوللىسىمۇ، لېكىن بەزى كىشىلەر ئۇنى قوللاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا تىل - ھاقارەت كەلتۈردى. ئايرىم كىشىلەر بەزى لۈكچەكلەرنى كۈشكۈرتۈپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرگۈزۈپ ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە تىل تەككۈزۈپ، ئائىلىسىنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا تەسىر يەتكۈزدى. شۇنداقتىمۇ رىزۋانگۈل ئىرادىسىنى قىلچە بوشاتماي، ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەيدۇ.

رىزۋانگۈل كۈندۈزلىرى نەچچە ئون كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ، ئۆيمۇ - ئۆي يۈرۈپ تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلىسە، كېچىلىرى ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي، تەشۋىقات تېزىسى يازىدۇ. رادىئو، تام گېزىتى، قارا دوسكا قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىش، لېكسىيە سۆزلەش، سوئال - جاۋاب شەكلى قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئۇندىن باشقا يەنە توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ ۋە باشقا ئاممىۋى سورۇنلاردا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ تەشۋىق تەرغىباتنى كۈچەيتتى. نەتىجىدە يېزىدىن ئىبارەت بۇ زېمىندا مۇرەككەپ فېئوداللىق خۇراپىي ئىدىيە سىستېمىسى سىڭىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە پارتىيىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى بىخلاندۇرۇپ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. دەسلەپتە خاتا قاراشتا بولغان ياكى ئۇنىڭغا زەربە بەرگەن كىشىلەر ئاخىرى تەسىرلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياخشى قىلمىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورايدۇ. نەتىجىدە ئۇ تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ تۇغۇتىنى چەكلەپ پىلانلىق تۇغۇتنى ئومۇملاشتۇرۇش نىسبىتىنى 90 پىرسەنتكە يەتكۈزۈپ، كەنتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكۈزدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى بىلەن ئاممىغا تونۇلۇپ، 1982 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە كەنت، يېزا، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «ئاياللار خىزمىتىدىكى ئۈلگە» بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

---

(بېشى 60 - بەتتە)

سامپۇل، ئۈرۈمچىنىڭ ئالغۇ، قومۇلنىڭ قارا دۆۋە ۋە ئىلى ۋادىسىدىكى قەبرىلەردىن تېپىلغان بىر نەچچە ئەۋرىشكىلەردىن قارىغاندا، يۇقىرىقىدەك ئانالىز قىلىنىشقا بولىدۇ. ئەمما، شىنجاڭ رايونىنىڭ پالېئانتروپولوگىيىدىن (قەدىمكى ئىنسانشۇناسلىق) ئېنىق يەكۈن چىقىرىش ئۈچۈن، بولۇپمۇ ھازىرقى مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بىر قەدەر كونكرېت ئىلمىي يەكۈن چىقىرىشتا يەنىلا ماتېرىيال كەمچىل. بۇ تېمىنىڭ تەتقىقاتى تېخىمۇ مول ئانتروپولوگىيىلىك ئەۋرىشكىلەرنى ئىگىلەشنى، ئىلمىي خىزمەتچى خادىملارنىڭ تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ كونكرېت ئۆلچەش ۋە ئانالىز قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەتقىقاتنى ئېلىپ بارماي ھەمدە تەتقىقاتنى ئاماللىماي تۇرۇپ ئاددىي ھالدا يەكۈن چىقىرىش ئىلمىي بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىلى غوپۇر، ئەنۋەر قادىر (ت)

# يۇقىرىغا ئەھۋالدىن دوكلات قىلغاندا راست گەپ قىلىش كېرەك

ئەنۋەر مەھەممەت

مەن باشقارمىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە يۇقىرىغا خىزمەتلىرىمىزدىن دوكلات قىلىش يۈزىسىدىن دوكلات تېزىسى يېزىۋاتاتتىم، ئىش بېجىرگىلى كەلگەن بىر يولداش ئىشىكنى چېكىپ كىرىپ دىققىتىمنى بۇزدى. ئۇ مېنىڭ يۇقىرىغا خىزمەتلىرىمىزدىن دوكلات يېزىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، «باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە سىلەر خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپسىلەر، بىراق سىلەرنىڭ ئىلغار بولۇپ باھالىنىش - باھالانماسلىقىڭلار سىزنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىڭگە، نەتىجىلەرنى قانچە تولۇق، قانچە سەۋىيىلىك بىلەن بايان قىلىپ يېزىپ چىقىشىڭغا باغلىق، لېكىن ھەرگىز يېتەرسىز تەرەپلەرنى تىلغا ئېلىپ قويماڭ» دېدى. ئۇنىڭ گېپى گەرچە بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە، خاتا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاساسىي قاتلامدىكى بەزى رەھبەرلىرىمىزدە يۇقىرىغا راست گەپ قىلمايدىغان يامان ئىللەتلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

دوكلاتنى ياخشى يېزىپ چىقىش يۇقىرىنىڭ تۆۋەنىنىڭ خىزمىتىدىن ئومۇميۈزلۈك، توغرا خەۋەر تېپىشىغا ۋە ئۇنىڭغا ئادىل باھا بېرىشىگە پايدىلىق. لېكىن ئاساسىي قاتلامدىكى بەزى ئورۇنلار ئۆز ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئەينەن يۇقىرىغا دوكلات قىلىپ، يۇقىرىنىڭ خىزمەتلەرگە توغرا باھا بېرىشى، يېتەكلىشى ۋە ياردەم بېرىشىنى مەقسەت قىلماستىن، يۇقىرىنىڭ ماختىشىنى، تەقدىرلىشىنى بىردىن - بىر مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار يۇقىرىغا ئەھۋال مەلۇم قىلىشقا توغرا كەلگەندە، يامان تەرەپنى ئامالنىڭ بارىچە يېپىپ، ياخشى تەرەپنى قولىدىن كەلگۈچە كۆچەپ سۆزلەيدۇ. بىزنىڭ خىزمەت ئىستىلىمىزدە بۇنداق نورمال بولمىغان ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلاردىكى رەھبەرلىرىمىز ۋە خىزمەتچىلىرىمىز خاتا ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بيۇروكراتلىق ئىستىلىنى يۇقتۇرۇۋېلىپ، ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشۈپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلماي، نوقۇل ھالدا دوكلاتقا قاراپ تۆۋەنىنىڭ خىزمىتىگە باھا بېرىدىغان، دوكلات قانچە ياخشى يېزىلغان بولسا ئۇ ئورۇنغا بېرىلگەن باھا شۇنچە يۇقىرى بولىدىغان ئەھۋاللارنىڭ مەۋجۇتلىقىدا. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئورگان خىزمەتچىلىرىمىزنىڭ تۆۋەنىنىڭ نەتىجە قازانغانلىقىنى ئاڭلىسا خۇش بولىدىغان، سەۋەنلىك كۆرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىسا خاپا بولىدىغان ئەھۋالنىڭ بولۇشى ئاساسىي قاتلامدىكىلەرنىڭ يۇقىرىغا خىزمەتلەردىكى ھەقىقىي مەسىلىلەرنى مەلۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالماسلىقىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب.

يۇقىرىغا ئەھۋال مەلۇم قىلىشتا راست گەپنى قىلماي، ياخشى تەرەپنىلا مەلۇم قىلىپ، يامان تەرەپنى مەلۇم قىلماسلىقنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرى ناھايىتى كۆپ. ئاساسلىقى، يۇقىرىنىڭ ئىگىلىگەن ئەھۋالى ئەمەلىيەتكە تولۇق ئۇيغۇن بولماي قالىدۇ. يۇقىرىنىڭ تۆۋەنىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىشىدىكى مەقسەت تۆۋەنىنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق، توغرا خەۋەردار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان پىلان تۈزۈپ چىقىپ، ئاساسىي قاتلامغا توغرا يېتەكچىلىك قىلىش. ياخشى تەرەپنى مەلۇم قىلىپ، يامان تەرەپنى مەلۇم قىلمىغاندا، يۇقىرىنىڭ ئىگىلىگەن ئەھۋالى بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قاتلام ھەققىدە تۈزگەن پىلانى، بەرگەن يوليورۇقلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەسىلىلەر ھەل قىلىنماي، خىزمەتلىرىمىز ئىلگىرى باسماي قالىدۇ. ياخشى تەرەپنى مەلۇم قىلىپ، يامان تەرەپنى مەلۇم قىلمىغاندا، ئاساسىي قاتلاملارنىڭ خىزمەتلىرىگە زىيان يەتكۈزگەندىن باشقا، يەنە مۇنداق ناچار

ئىللەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ: بىرىنچىدىن، خىزمەت ئىستىلى بۇزۇلىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ خىزمەت ئىستىلىنىڭ بىر روشەن بەلگىسى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، چىنلىقتا چىڭ تۇرۇش، راست گەپ قىلىشتىن ئىبارەت، بۇ تۈپ پرىنسىپ تۆۋەننىڭ يۇقىرىغا ھەقىقىي ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشنى يەنى خىزمەتتە ئۇتۇقلۇق بولسا ئۇتۇقلۇقنى، يېتەرسىزلىك بولسا يېتەرسىزلىكنى سۆزلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. يۇقىرىغا ياخشى تەرەپنى مەلۇم قىلىپ، يامان تەرەپنى مەلۇم قىلماسلىق پارتىيە پرىنسىپىغا تۈپتىن خىلاپ، مانا بۇ ئەھۋال پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل خىزمەت ئىستىلى بىلەنمۇ قىلچە چىقىشالمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئاممىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالىمىز. بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىز ئامما ئارقىلىق ئەمەلىيلىشىدۇ، خىزمەتنى قانداق ئىشلىگەنلىكىمىز ئاممىغا ھەممىدىن ئايان. بىز يۇقىرىغا ياخشى تەرەپنى مەلۇم قىلىپ، يامان تەرەپنى مەلۇم قىلمىساق، ئامما بىزگە نىسبەتەن «يۇقىرىغا ياخشى بولۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ» دېگەن خاتا قاراشتا بولىدۇ - دە، ئامما ئالدىدا يۈزىمىز چۈشىدۇ. ئۈچىنچىدىن، قېرىنداش ئورۇنلار قايىل بولماي قالىدۇ. بىز ئادەتتە، ئۇرغۇن خىزمەتلەردە قېرىنداش ئورۇنلار بىلەن بىرگە بولىمىز. مۇسابىقىلىشىمىز، تەجرىبە ئالماشتۇرىمىز، خىزمىتىمىزنىڭ ياخشى تەرىپىنىمۇ، يامان تەرىپىنىمۇ ئۇلار ئېنىق بىلىدۇ. ئەگەر بىز ياخشى تەرەپنى مەلۇم قىلىپ، يامان تەرەپنى مەلۇم قىلمىساق، ناۋادا يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار قايىل بولمايدۇ؛

خىزمەت ئىشلەيدىكەنمىز، ئۇتۇقلۇقمۇ، كەمچىلىكمۇ بولىدۇ. بۇ نورمال ئەھۋال، بىر ئورۇن ياكى بىر شەخسنىڭ خىزمەتتە پەقەت سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، ھالقىلىق مەسىلە قانداق قىلىپ سەۋەنلىكنى ئازايتىش. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن يۇقىرىغا خىزمەتلىرىمىزدىن ئەھۋال تونۇشتۇرغاندا، ياخشى تەرەپنىمۇ، يامان تەرەپنىمۇ تەڭ مەلۇم قىلىشىمىز لازىم. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارنى بەش قولدەك پىششىق بىلىدۇ - دە، ئاساسىي قاتلامغا توغرا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، توغرا يول - يورۇق بېرىدۇ. ئاساسىي قاتلام توغرا رەھبەرلىككە ئېرىشىپ، تەجرىبە ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، ئاممىنىڭ غەيرىتىنى ئاشۇرۇپ، قېرىنداش ئورۇنلار بىر - بىرىنى قوللاپ ، خىزمەتنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

---

(بېشى 25 - بەتتە)

كەلگەندە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 81 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ھەممىسىدە ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوملار قۇرۇلدى ھەمدە ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق بىر مۇنچە رايونلاردا رايونلۇق پارتكوم تەسىس قىلىندى، بىر مۇنچە يېزىلاردا پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى. 1952 - يىلى قىشتىن 1955 - يىل يازغىچە، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، ھەمكارلىق گۇرۇپپا قۇرۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەرگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، يەرلىك مىللىي كادىرلار ۋە دېھقانلاردىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىندى. بۇ خىزمەت ئارقىلىق پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە پارتىيىگە 17 مىڭ 16 نەپەر ئەزا قوبۇل قىلىنىپ پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1953 - يىلدىن ئېتىبارەن، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە ھەر دەرىجىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلار تەسىس قىلىندى. 1954 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئالتە مىللىي ئاپتونوم ناھىيە ۋە بەش مىللىي ئاپتونوم ئوبلاست تەسىس قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان ئاپتونوم رايون قۇرۇش ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلاندى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى 1955 - يىل 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى قۇرۇش؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنى قۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

## كىشىلەر ئامانەت قويىدىكى ئۆسۈملۈك قەرزگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

يولداش تەھرىر:

ناھىيەمىزدىكى بەزى زاۋۇت، كان، ئىدارىلەردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەتتا پارتىيىلىك كادىرلار پۇللىرىنى بانكا ئۆسۈمىدىن 3 ـ 4 ھەسسە يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن باشقىلارغا قەرز بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇنداق قىلسا بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟ جاۋاب بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەخمەت

يولداش ئەخمەت:

كىشىلەر ئامانەت قويىدىكى پۇل قەرز بېرىش بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئېشىنچە پۇللىرىنى كىشىلەر ئامانەت قويىدىكى پۇل قەرز بېرىش پائالىيىتىگە ئىشلىتىشنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭدا ئامانەت ـ قەرز شەكلى ئارقىلىق پۇللار باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. شەخس پۇل قەرز بېرىش پائالىيىتىدە، پۇل قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئۆسۈم ئالسا، بۇ ئەلۋەتتە قانۇنلۇق بولغان بولىدۇ. ئۇۋەتتە مەملىكىتىمىزدە كىشىلەر ئامانەت قويىدىكى پۇل قەرز بېرىشنىڭ ئۆسۈمى توغرىسىدا تېخى ئېنىق سىياسەت بەلگىلىمە چىقىرىلمىغاچقا، ئۆسۈمنى قەرز ئالغۇچى ۋە قەرز بەرگۈچى ئىككى تەرەپنىڭ مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىشىگە يول قويۇلىدۇ. بۇ خىل پۇل قەرز بېرىش جەزمەن باراۋەرلىك، ئىختىيارلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى كېرەك. ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، ئۆسۈم شۇ جايدىكى بانكىنىڭ ئۆسۈم ئۆلچىمىدىن يۇقىرىراق بولسا بولىدۇ. زادى قانچىلىك يۇقىرى بولسا بولىدىغانلىقىغا كەلسەك، ھەر قايسى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغاچقا، شۇ جايدىكى دۆلەت بانكىلىرىنىڭ ئۆسۈم ئۆلچىمىدىن ۋە دۆلەت خەزىنە چېكىنىڭ ئۆسۈم ئۆلچىمىدىن پايدىلىنىپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئىگىلەنسە بولىدۇ. لېكىن، قەرز ئالغۇچى ۋە قەرز بەرگۈچى ئىككى تەرەپ ئالدى بىلەن يازما توختامنامە پۈتكەن بولۇشى، ئۇنى ئىسپات سۈپىتىدە ساقلاپ قويۇشى شەرت. ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ ئىشتىن كېيىن تالاش ـ تارتىش كېلىپ چىقسا، ئەدلىيە ئورگانلىرى ئىسپات تولۇق بولمىغاچقا ھۆكۈم قىلىشقا ئامالسىز قالىدۇ. ئەمدى ئايرىم پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ بانكا ئۆسۈمىدىن 3 ـ 4 ھەسسە يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن پۇل قەرز بېرىۋاتقانلىقىغا كەلسەك، روشەنكى، بۇ مۇۋاپىق ئەمەس. بۇ خىل قىلمىش ئامما ئارىسىدا يامان تەسىر پەيدا قىلىپلا قالماستىن، قانۇن تەرىپىدىنمۇ قوغدالمايدۇ. بۇ خىل قىلمىش بىلەن شۇغۇللانغان پارتىيىلىك كادىرلارغا قارىتا پارتىيە تەشكىلى تەنقىدى تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تېزرەك تۈزىتىۋېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم.

— تەھرىر

## مەمۇرىي جازا دېگەن نېمە؟ ئۇ نەچچە خىل بولىدۇ؟

يولداش تەھرىر:

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، مەمۇرىي جازاغا نارازى بولغۇچىلار نارازىلىق ئەرزى سۇنسا بولىدىكەن، ئۇنداقتا مەمۇرىي جازا دېگەن نېمە؟ ئۇ زادى نەچچە خىل بولىدۇ؟

زۇمرەت

يولداش زۇمرەت:

مەمۇرىي جازاغا نارازى بولغۇچىلار نارازىلىق ئەرز سۇنسا بولىدۇ. بۇ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەمۇرىي ھەق ـ تەلەپ دەۋا قانۇنى» دا بەلگىلەنگەن خەلق سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىدىغان مەمۇرىي

ئەزىلەرنىڭ بىر تۈرىگە ياتىدۇ. بۇ يەردە ئىيتىلىۋاتقان مەمۇرىي جازا — دۆلەتنىڭ جازالاش ھوقۇقىغا ئىگە مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، يېنىكرەك قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتتە بولغان، ئەمما تېخى جىنايى جازا بېرىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن كىشىلەرگە بېرىلىدىغان جازانى كۆرسىتىدۇ. مەمۇرىي جازانىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، «مەمۇرىي ھەق ئەلەپ دەۋا قانۇنى» غا ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈر كىرگۈزۈلگەن: تۇتۇپ تۇرۇش، جەرىمانە قويۇش، ئىجازەتنامە ۋە گۇۋاھنامىنى بىكار قىلىش، ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە تىجارەتنى بۇيرۇق ئارقىلىق توختىتىش، مال مۈلكنى مۇسادىرە قىلىش، ئۇندىن باشقا يەنە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى بۇيرۇق ئارقىلىق توختىتىش، مۇددەت بەلگىلەپ ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈش، سېتىۋېتىلگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش مەنئىي قىلىنغان مەھسۇلاتلارنى بۇيرۇق ئارقىلىق قايتۇرۇپ يىغىۋېلىش، زىياننى بۇيرۇق ئارقىلىق تۆلىتىۋېلىش، مۆھلەت بەلگىلەپ قانۇنسىز سېلىنغان يىگى قۇرۇلۇشلارنى ۋە ئەسلىھەلەرنى بۇزۇپ تاشلاش، چەت ئەللىكلەرنىڭ چېگرىدىن چىقىپ كېتىشىگە مۆھلەت بەلگىلەش ۋە ئۇلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش قاتارلىقلار.

— تەھرىر

## كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىغا بولغان رەھبەرلىك رولى ئاساسلىق نېمىلەردىن ئىبارەت؟

يولداش تەھرىر:

خېلىدىن بېرى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىغا بولغان رەھبەرلىك رولىنى تازا ياخشى چۈشىنىپ كېتەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۈرغۈنلىغان ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك ئىشلەپ كېتەلمەيۋاتىمىز. سىزلەرنىڭ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئىلھام، ساۋۇر

تەھرىرنىڭ جاۋابى تۆۋەندىكىچە:

كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىغا بولغان رەھبەرلىك رولى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتە گەۋدىلىنىدۇ:

1) پۈتۈن كەنتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەنىۋىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق كەنت ئاھالىلەر يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىشىغا سۇنۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتى ۋە ياچېيكىنىڭ مەخسىدىنى ئاممىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش؛

2) كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قەرەللىك ئاڭلاپ تۇرۇش، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ قانۇن بويىچە مۇستەقىل. مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىنى قوللاش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش؛

3) كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى بىلەن باشقا تەشكىلاتلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش؛

4) كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش.

## شەخس كىرىمنى مەلۇم قىلىش تۈزۈمى دېگەن نېمە؟ نېمە ئۈچۈن بۇنداق تۈزۈم ئورنىتىلدۇ؟

سەلىمە

شەخس كىرىمنى مەلۇم قىلىش تۈزۈمى - شەخسلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ياكى ئورگانلارغا مۇئاشىدىن سىرتقى كىرىمنى ھەقىقىي يوسۇندا مەلۇم قىلىدىغان بىر خىل تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۈزۈمنى ئورنىتىش ئەمگەكچىلەرنىڭ مۇئاشىدىن سىرتقى كىرىمنى ئاشكارىلاش، شۇ ئارقىلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇئاشىدىن سىرتقى كىرىمنىڭ نامۇۋاپىق ۋە قانۇنسىز تەرەپلىرىنى چەكلەپ تۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، ئۇ ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى بولۇپ كەتكەن قانۇنلۇق كىرىمنى باج ئارقىلىق تەڭشەش، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كىرىم تەخسىماتىدىكى پەرقىنىڭ ھەددىدىن زىيادە چوڭ بولۇپ كېتىشىنى توسۇشقا پايدىلىق. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئەمگەككە قاراپ تەخسىم قىلىش ئاساس قىلىنغان كۆپ خىل تەخسىمات شەكلى يۈرگۈزۈلگەچكە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىم مەنبەسىمۇ كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش داۋامىدا، يېڭى تۈزۈلمە بىلەن كونا تۈزۈلمە ئالمىشىۋاتقان ۋە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقتىن، مۇئاشتىن سىرتقى كىرىمنى باشقۇرۇش بوشاشتۇرۇپ قويۇلدى ۋە ئۇنىڭ نورمالسىز ئۆسۈشى كېلىپ چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شەخس كىرىمنى مەلۇم قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مۇئاشتىن سىرتقى كىرىمنى ماكرولۇق باشقۇرۇش سىستېمىسى ئىچىگە كىرگۈزۈش بىر تۈرلۈك ئىنتايىن زۆرۈر تەدبىر.

## دۆلەت يولى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭدىكى نومۇر قانداق قويۇلغان؟

يولداش تەھرىر:

مەن تېلېۋىزوردا خەۋەر كۆرۈۋېتىپ: «× × 3 دۆلەت يولىنىڭ × × كىلومېتىر جايىدا قاتناش ۋەقەسى يۈز بەردى» دېگەنگە ئوخشاش خەۋەرلەرنى پات - پاتلا كۆرۈپ قالىمەن. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان دۆلەت يولى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭدىكى نومۇرلار قانداق قويۇلغان؟

سادىر

يولداش سادىر:

دۆلەت يولى — دۆلەتنىڭ تاشيول غول لىنىيىسىنىڭ قىسقارتىلغان نامى. ھازىر مەملىكىتىمىزدە دۆلەت يولىدىن 70 ى بار، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 110 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، ئاساسلىقى تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان: 1) پايتەخت بېيجىڭدىن ھەر قايسى ئۆلكە، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركەزلىرىگە ۋە 300 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىسى بار شەھەرلەرگە ئۇتىشىدىغان تاشيول غول لىنىيىسى؛ 2) ھەر قايسى چوڭ پورت، تۆمۈريول تۈگۈنلىرى، مۇھىم سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىغا تۇتىشىدىغان تاشيول غول لىنىيىسى؛ 3) چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردىن سىرتقا قارىتىلغان مۇھىم پورت، ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەر، داڭلىق تارىخىي شەھەرلەر، مۇھىم ساياھەت رايونلىرىغا ئۇتىشىدىغان تاشيول غول لىنىيىسى؛ 4) مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە خەلقئارالىق تاشيوللار. دۆلەت يولىنىڭ نومۇرى ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك يۆنىلىشىگە ئاساسەن قويۇلغان بولۇپ، ئۇنى ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى، بېيجىڭنى مەركەز قىلغان رادىئو ئاكتىپلىق دۆلەت يولى، ئۇنىڭغا × × 1 دەپ نومۇر قويۇلغان؛ بۇ خىل دۆلەت يولىدىن 12 سى بار. ئىككىنچى، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ سوزۇلغان (ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان) دۆلەت يولى، بۇنىڭغا × × 2 دەپ نومۇر قويۇلغان؛ بۇ خىل دۆلەت يولىدىن 28 ى بار. ئۈچىنچى، شەرقتىن غەربكە قاراپ سوزۇلغان (توغرىسىغا سوزۇلغان) دۆلەت يولى، بۇنىڭغا × × 3 دەپ نومۇر قويۇلغان، بۇنداق دۆلەت يولىدىن جەمئىي 30 ى بار.

— تەھرىر

# يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىكى شىنجاڭ

ۋاڭ بىڭخۇا
(شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى)

تەھرىر ئىلاۋىسى:

1986 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئۈچ كىتابنى نەشر قىلدى. بۇ ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورى تۇرغۇن ئالماس ئىلمىي تەتقىقات نامى بىلەن، تارىخنى بۇرمىلاپ، توقۇپ، ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، تارىخىي ئىدىئالىزم ۋە پانتۈركىزمنى تارقىتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇشتەك ئەكسىيەتچىل نۇقتىئىنەزەرلەرنى تەرغىب قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ئۈچۈن جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ، پاكىت بىلەن تەمىنلىمەكچى بولغان.

«ئۈچ كىتاب»نىڭ ئاپتورى تارىخىي پاكىتلارغا پەقەت پىسەنت قىلماي، ئۇيغۇرلار ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا ۋە غەربىي يۇرتتا ياشىغان بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تارىختا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دۆلەتلىرى بولغان دېگەننى تەرغىب قىلىپ، مەركىزىي خانلىقلارنىڭ غەربىي يۇرت ۋە شىمالىي چۆللۈكتىكى رايونلاردا مەمۇرىي مۇئەسسەسەلەرنى تەسىس قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلغان. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا شەكىللەنگەن دوستانە بېرىش - كېلىش، ئىناق - ئىتتىپاق بولۇشتەك تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا دۈشمەنلىشىش، قىرغىن قىلىش ۋە يۇتۇۋېلىش تارىخى دەپ بۇرمىلىغان. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى تەشەببۇس قىلغان ۋە قوغدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن كۈچ چىقارغان تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھەممىسىنى «خائىن» دەپ ئەيىبلىگەن، ئەكسىچە، تارىختىكى بۆلگۈنچىلىك قىلىپ مۇستەقىللىقنى تەرغىب قىلغۇچىلارنى «مىللىي قەھرىمان» دەپ مەدھىيىلىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى مەسىلىسىدە، ئاپتور تېخىمۇ ئۆز ئىختىيارىچە قەدىمدە مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان تۇرغۇزۇلغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ «ئەجدادى»، «قان - قېرىنداشلىرى» دەۋالغان ھەمدە قىلچە ئاساسسىز ھالدا تارىخ ئويدۇرۇپ بۇنىڭدىن 8000 يىل ئىلگىرى ئۇيغۇرلار بىر مىللەت سۈپىتىدە «ئوتتۇرا ئاسىيا» دا ياشىغان: 7000 يىللار ئىلگىرىلا يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى بارلىققا كېلىپ، چارۋىچىلىق ئىقتىسادى بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن، بۇنىڭدىن 4000 يىل ئىلگىرىلا يېزىق ئىجاد قىلىپ «تارىخىي دەۋرگە كىردى» دېگەن. ئاپتورنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەكسىيەتچىل سىياسىي نۇقتىئىنەزەرلىرى ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ كەشپىياتى بولماستىن، بەلكى بۇرۇنلا چەتئەلگە قېچىپ كەتكەن پانتۈركىست مۇھەممەت ئىمىننىڭ 1940 - يىلى چەتئەلدە نەشر قىلدۇرغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دا تەرغىب قىلىنغان بۆلگۈنچىلىك نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن تومۇرداش. «ئۈچ كىتاب» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە ئىنتايىن ئېغىر تەسىر ۋە يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلدى.

قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاپ، ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، تارىخىي قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئۇزۇندىن بۇيان شىنجاڭ تارىخىغا دائىر

مەسىلىلەردە مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەن تارىخىي ھەق - ناھەق ۋە مۇجمەل كۆز قاراشلارنى تۈزىتىش ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ ساندىن باشلاپ شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئاساسىي بىلىملەرنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىدۇ.

X X X

بۇنىڭدىن بىر مىليارد يىللار ئىلگىرى شىنجاڭ بىپايان كەتكەن كۆپ - كۆك دېڭىز ئىدى. 300 مىليون يىللار ئىلگىرىكى دېۋون دەۋرىدە يەر پوستى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ شىنجاڭ زېمىنى تەدرىجى قۇرۇقلۇققا ئايلىنىپ ئۆسۈملۈكلەر ئاستا - ئاستا كۆپەيگەن. بۇنىڭدىن 60 - 70 مىليون يىللار ئىلگىرى، يەر شارىدا قاتتىق گېئولوگىيىلىك ھەرىكەت يۈز بەرگەن. مانا بۇ ھازىرغىچە توختىمىغان «ھىمالايا تاغ ياساش ھەرىكىتى» دۇر. مانا بۇ گېئولوگىيىلىك ھەرىكەتنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، كۇئېنلۇن تېغى ۋە تيانشان تېغى پەيدا بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى يەر يۈزى تۈزۈلۈشى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن.

گۈزەل شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، يەر مەيدانى بىر مىليون 700 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يېقىن بولۇپ، تەخمىنەن مەملىكىتىمىز زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئۈچ فرانسىيە ياكى تۆت يېرىم ياپونىيە زېمىنىغا تەڭ. بۇ بىپايان زېمىن مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىغا جايلاشقان، شۇڭلاشقا مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدە خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە بۇ يەر «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان، مەنىسى «ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي زېمىنى» دېگەنلىك ئىدى.

شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۈچ چوڭ تاغ سىستېمىسى ئىككى چوڭ ئويمانلىقنى ئوراپ تۇرغان: كۇئېنلۇن تېغى، تيانشان تېغى، ئالتاي تېغى، تارىم ئويمانلىقى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنى ئوراپ تۇرغان، تيانشان تېغى بىلەن كۇئېنلۇن تېغى ئارىلىقىدا «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ ئاتىلىدىغان پامىر ئېگىزلىكى بار. پەقەت تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدە كەڭلىكى 70 كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان بىر تەبىئىي ئېغىز بولۇپ، گەنسۇدىكى خېشى كارىدورى بىلەن ئۆز ئارا تۇتىشۇپ شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ قاتناش ئالاقىسىدىكى تەبىئىي يول بولۇپ قالغان. بۇ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ھالەت شىنجاڭ رايونىنىڭ جەمئىيەت تارىخ تەرەققىياتىغا زور ۋە روشەن تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز قەدىمكى ئىنسانىيەت پەيدا بولغان جايلارنىڭ بىرى. بىزگە مەلۇم بولغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇنىڭدىن بىر مىليون 700 مىڭ يىللار ئىلگىرى يۈننەننىڭ يۈەنمو دېگەن يېرىدە قەدىمكى ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

شىنجاڭ رايونىدا، ھازىرغا قەدەر قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئىزلىرى بىر قانچە ئورۇندىن تېپىلغان بولسىمۇ، بىراق، بىرەر جايدىنمۇ ئېنىق ھالدا كونا تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ ئىنسانلارنىڭ ئىزلىرى تېپىلمىدى.

ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تەكشۈرۈش ۋە ئانالىز قىلىشلار ئارقىلىق بۇ قەدىمكى ئىنسانىيەت ئىزلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ 10 مىڭ يىلنىڭ ئالدى - كەينىدىكى، ئاساسلىقى 10 مىڭ يىلدىن كېيىنكى سېپتا تاش (مىكرولىت) قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ خىل مىكرولىت ئىزلار ۋە يادىكارلىقلار، مەسىلەن، تاش ساقا، ئۇزۇنچاق تاش پىچاق، تاش باشاق، تاش ئىسكىنە، چوقۇش - يانچىش ئەسۋابى، قىرىپ سىلىقلاش ئەسۋابى قاتارلىقلار شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن دېگۈدەك تېپىلدى.

پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى بۇ خىل ماكرولۇق نۇقتىدىن ئانالىز قىلىشتىن ئارخېئولوگلارنىڭ ھەممىسى مۇنداق بىر خىل ئەھۋالغا دىققەت قىلغان. ئۇ بولسىمۇ، كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ئىنسانلار ئىشلەتكەن تاش قوراللارنىڭ بىر قىسمى مىكرولىتلىشىشقا يۈزلەنگەن، شۇڭا كىشىلەر بۇ خىل كىچىك تاش

قوراللارنى «سىپتا تاش قوراللار» (مىكرولىت قوراللار) دەپ ئاتىغان. ئارخېئولوگىيىدە بۇ تارىخىي دەۋرنى «سىپتا تاش قورال مەدەنىيىتى دەۋرى» دەپ ئاتايدۇ.

سىپتا تاش قورال مەدەنىيىتى ئەڭ دەسلەپ قەيەردە پەيدا بولغان؟ تەتقىقاتلار ئارقىلىق خەلقئارا ئارخېئولوگىيە ساھەسىدە بارا - بارا مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي جۇڭگو رايونلىرى، سىپتا تاش قوراللارنىڭ كېلىپ چىققان جايى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر پىكىرگە كەلدى. بۇنىڭ ئاساسىي بولسا، بۇ خىل سىپتا تاش قوراللار مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي جۇڭگو رايونلىرىدا پەيدا بولۇشى نىسبەتەن بالدۇر، بىر قەدەر مەركەزلىك تارقالغان. سىگۇ، شاۋنەنخەي، شىياچۇەن قاتارلىقلار بۇ خىل سىپتا تاش قورال ئىزلىرىنىڭ نىسبەتەن بالدۇرقى ۋەكىللىك جايلىرىدۇر. بۇ ئارقا كۆرۈنۈشتىن قارىغاندا، ئوخشاشلا شۇنى مۆئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىنكى، شىنجاڭ رايونى سىپتا تاش قوراللارنى ياساش ھۈنەر - سەنئىتى جەھەتتە ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىي جۇڭگو رايونلىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. شىنجاڭ بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىي جۇڭگو رايونلىرى سىپتا تاش قوراللار نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئوخشاش بىر مەدەنىيەت سىستېمىسىغا مەنسۇپ. شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى، سىپتا تاش قوراللارغا تايىنىپ، تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا بىر ئۇزاق تارىخىي دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن.

... شىنجاڭنىڭ دەسلەپكى ئاھالىلىرىنىڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت بۇ تارىخنى تونۇشتۇرغاندا مۇنداق پاكىتنى كۈچلۈك ھېس قىلىمىز. بۇ بولسىمۇ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سىپتا تاش قورال ئىزلىرىنىڭ كۆپىنچىسى چۆللىشىش ۋە يېرىم چۆللىشىش ھالىتىدە تۇرماقتا. بەزى رايونلار، مەسىلەن، لوپنۇر ھەتتا سۇ، دەل - دەرەخ ۋە ئوتلاقلىرى بولمىغان، ھايۋاناتلارمۇ ئاز ئۇچرايدىغان ھاياتلىق كام تېپىلىدىغان دۇنياغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ خىل مۇھىت مەيلى ئوزۇقلۇق يىغىش، ئوۋ قىلىش ياكى ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق ئۈچۈن ئەلۋەتتە مۇۋاپىق كەلمەيتتى. بۇ روشەن پاكىت شۇنى ئىسپاتلايدۇكى: ئون مىڭ يىلدىن بۇيان، ئەڭ يېقىن بولغاندا 4000 يىلدىن بۇيان بۇ قەدىمكى خارابىلىك رايونلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئېكولوگىيىلىك شارائىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن. يەر شارىنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، نەچچە مىڭ يىلدىن 10 مىڭ يىلغىچە بولغان ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە گىدروگىيافىيە، كىلىمات، گېئولوگىيە جۇغراپىيە قاتارلىق ئاساسلىق تەبىئەت ئامىللىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر ناھايىتى ئاجىز بولغان. قىسمەن كىچىك رايونلارنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك شارائىتىدىكى شۇ خىل غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ، ئىنسانلارنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى مۆئەييەنلەشتۈرەلەيمىز. تەبىئىي شارائىتى ئىنتايىن قۇرغاق بولغان ئىچكى قۇرۇقلۇقتا مۇۋاپىق بولمىغان ئېچىش پائالىيەتلىرى شارائىتنىڭ يامانلىشىشى ۋە قۇملىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بۇنىڭدىن 4000 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن كېيىن شىنجاڭ زېمىنىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر بارا - بارا مىس قاتارلىق مېتاللارنى قېزىش، تاۋلاش، ئىشلىتىش بىلىملىرىنى ئىگىلىدى. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى كۆپلىگەن قەدىمكى خارابىلاردىن مىس پىچاق، مىستىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى تاپتى. كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى بۇنىڭدىن 3800 يىل ئىلگىرىكى قەدىمكى قەبرىدىن بىر نەچچە تال مىس پارچىسى ۋە مىس چەمبەرلەر تېپىلدى. بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن كېيىن، مىس پىچاق، مىس خەنجەرلەرنى ئىشلىتىش خېلىلا ئومۇملاشقان. قۇمۇلنىڭ قارادۆۋە، يان بۇلاق، بارىكۆلدىكى نەنۋەن كۆيسۇ، لەنجۇۋەنزى، پىچاننىڭ ياڭخاي، سۇ بېشى، ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالغۇ، خوشۇت ناھىيىسىنىڭ سىن تالا، نىلقىنىڭ نۇراساي تېغى، توققۇزتارانىڭ ئاغارسىن، ئالتاي ناھىيىسىنىڭ كىرمۇچ، خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ چابىخا جىلغىسى، باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل، چۆچەك تېبىي مەكتىپى قاتارلىق جايلاردا

بايقالغان قەدىمكى ئىزلار، قەبرىلەر بۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئاھالىلىرىنىڭ تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا، تىيانشان تېغىنىڭ شىمالى، ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبى ئېتەكلىرىدىكى سۇيى كۆپ، چۆپى مول بولغان جايلارغا كەڭ تارقىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ساپالچىلىق، ۋە ياغاچ ئەسۋابلارنى ياساش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلارنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، يۇڭ يىپنىڭ توم - ئىنچىكىلىكى تەكشى، توقۇلۇشى زىچ، ئۇرە شەكىللىك ئىپتىدائىي توقۇش دۇكىنىدا توقۇلغان يۇڭ ئەدىيالنىڭ كەڭلىكى 1.8 مېتىر بولۇپ، يۈزى تەكشى، ساپال بۇيۇملاردا تەسۋىرلەنگەن ھەر خىل سىزىقلىق نەقىشلەر مول زىننەتلەش تۇسىگە ئىگە. ياغاچ، سۆڭەك، تاش ۋە برونزا ماتېرىياللاردىن ياسالغان سەنئەت بۇيۇملىرىدا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقى ۋە ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى ئىپادىلەنگەن.

ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئېشىنىدا بايلىقلارنى توپلاش ئىمكانىيىتى بارلىققا كەلگەن، جەمئىيەتتە باي - كەمبەغەللىك بۆلۈنۈشمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىغان. بۇ دەۋرلەرگە مەنسۇپ قەبرىلەرنى قازغاندا، بىللە كۆمۈلگەن ئاخىرەتلىك بۇيۇملارنىڭ ئاز - كۆپلىكىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن ئىبارەت روشەن پاكىتلارنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لوپنۇردىكى قەدىمكى قەبرىدىن تېپىلغان، پەقەت جەنۇبىي دېڭىزدىلا بولىدىغان «دېڭىز جوخىۋا قۇلۇلىسى» پۇلى بىلەن قومۇلنىڭ قارا دۆۋە، ئۇرۇمچىنىڭ ئالغۇ قاتارلىق جايلاردىكى كۆپلىگەن قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ئاخىرەتلىك قۇلۇلە پۇل، يۇمىلاق سىزىقلىق قۇلۇلە پۇللار، ئىلىقىنىڭ نۇراساي قەدىمكى مىس كېنىدىن تېپىلغان خۇبېينىڭ دايېدىكى توڭ لۈشەن قەدىمكى مىس كېنىدىكى بىلەن ئوخشاش بولغان كان قېزىش قوراللىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتىكى

شىنجاڭ رايونى بىلەن ئەتراپتىكى رايونلار، بولۇپمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرى بىلەن بولغان قاتناش ئالاقىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشلارنى جانلىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھازىرغا قەدەر ئارخېئولوگىيە خادىملىرى شىنجاڭ رايونىدىن مىلادى 200 يىل بۇرۇنقى يازما خاتىرىلەرنى تاپقىنى يوق. بۇ تارىخىي دەۋرلەردىن ئىلگىرىكى شىنجاڭ ئاھالىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى، سەل كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى يازما ماتېرىياللار ۋە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا قاراپ تەھلىل قىلغاندا، ئاز دېگەندە، چاكلار، ساكلار، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئۇيسۇن، قوشۇلار، ھونلار، كرورانلىقلار، چىنلىقلار، خەنزۇلار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ بۇ جايدا ياشىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار بىلەن شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ھەر مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى، ئىتنىك مەنبە جەھەتتە قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى، ئارخېئولوگلار ئانتروپولوگلار (ئىنسانشۇناسلار) ئىلگىرى بۇ مەسىلىنى ئىلمىي ئاساستا چۈشەندۈرۈشكە كۈچلۈك ئىنتىلگەن ئىدى. يېقىنقى 10 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇلار ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش نەتىجىسىدە تېپىلغان كۆپلىگەن ئادەم سۆڭەكلىرىدىن پايدىلىنىپ تەن تۈزۈلۈش ئىنسانشۇناسلىقى ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ ئىلمىي ئۆسۈلدا ئۆلچەش، تەھلىل قىلىش قاتارلىق دەسلەپكى قەدەمدە، بۇنىڭدىن 3000 — 4000 يىلدىن بۇيان شىنجاڭ زېمىنىدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلىرىنىڭ ئىرقىي تەركىبىنىڭ ساپ ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت يەكۈننى چىقاردى. ئۇلار ئىچىدە، ئاق تەنلىكلەرگە تەۋە بولغان پامىر - پەرغانە تىپى، ھىندى - ئافغان تىپى، جەنۇبىي سىبىرىيە تىپى شۇنداقلا موڭغۇل تىپىگە تەۋەلىرىمۇ بار. ئۇلار ھازىرقى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بىلەن خېلى زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ھازىرغا قەدەر ئۆلچەپ ئانالىز قىلىنغان ئادەم سۆڭەكلىرى، ئاساسلىقى، لوپنۇر، لوپ ناھىيىسىنىڭ

(ئاخىرى 51- بەتتە)

# ماركسىزم دېگەن ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئومۇملىشىشى

ئىسمائىل ھاجى

ماركسىزم — ماركسىزمنى ياراتقۇچىلارنىڭ بىرى بولغان ماركسنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئىنقىلابىي تەلىمات. لېكىن ماركسىزم دۇنياغا كېلىشى بىلەنلا ماركسىزم دەپ قوللىنىلمىغان. ماركس بىلەن ئېنگېلسمۇ ئۆزلىرى ياراتقان بۇ تەلىماتنى ئەڭ دەسلەپتە كوممۇنىزم، كېيىن بولسا سوتسىيالىزم دەپ ئاتىغان، ماركسىزم دەپ ئاتاش 19 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا بارلىققا كەلگەن ھەمدە شۇ ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا تەدرىجىي ئومۇملىشىشقا باشلىغان.

يۇقىرىقى بىر نەچچە خىل ئاتىلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن شۇ چاغدىكى تارىخىي شەرت - شارائىتنى چۈشىنىش زۆرۈر.

مەلۇمكى، ماركسىزم 1840 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەيدانغا كەلدى. 1848 - يىلى 2 - ئايدا ئېلان قىلىنغان ماركس، ئېنگېلسنىڭ ئورتاق ئەسىرى — «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» (بۇ تەلىماتنىڭ مۇكەممەل، سىستېمىلىق ۋە ھازىرغىچە ئەڭ ياخشى بولۇپ كەلگەن شەرھى) ھېسابلىنىدۇ. دەل ماركسىزم دۇنياغا كەلگەن شۇ ۋاقىتتا، كوممۇنىزم بىلەن سوتسىيالىزم بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مەنىگە ئىگە بولۇپ، «سوتسىيالىزم بۇرژۇئازىيە ھەرىكىتىدىن، كوممۇنىزم بولسا ئىشچىلار ھەرىكىتىدىن دېرەك بېرەتتى». «سوتسىيالىزم دېگەندە ئىككى خىل كىشى كۆزدە تۇتۇلاتتى. بىر تەرەپتىن، تۈرلۈك خىيالىي تەلىماتلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار، بولۇپمۇ ئەنگلىيىدىكى ئوۋېنچىلار ۋە فرانسىيىدىكى فۇرىيېچىلار كۆزدە تۇتۇلاتتى. بۇ ئىككى ئېقىم شۇ ۋاقىتلاردا پەيدىنپەي ھالاكەتكە قاراپ ماڭغان ئوقۇل مەزھەپلەرگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر خىل ئىجتىمائىي چالا تېۋىپلار كۆزدە تۇتۇلاتتى. ئۇلار كاپىتال ۋە پايدىغا ھېچ زىيان يەتكۈزمەستىن، ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى ھەممە دەرتكە داۋا بولىدىغان تۈرلۈك دورىلار ۋە تۈرلۈك ياماقچىلىق چارىسى بىلەن يوقىتىشنىڭ كويىدا بولاتتى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ «مەرىپەتلىك» سىنىپلاردىن مەدەت تىلەشنى راۋا كۆرەتتى». دېمەك، شۇ چاغدا ئۆزلىرىنى سوتسىيالىزمچى دەپ ئاتىشىۋالغان كىشىلەر، ئەمەلىيەتتە، ئىشچىلار سىنىپىغا مەنسۇپ ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا، ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىيىسىنى ئۇ خىل غەيرى سوتسىيالىزمچىلارنىڭ نەزەرىيىسىدىن پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ پرولېتارىياتلىق خاراكتېرىنى ئېنىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، سوتسىيالىزم دەپ ئاتىماي، كوممۇنىزم دەپ ئاتىغان.

19 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىغا كەلگەندە، يۇقىرىقىدەك ئاتىلىشتا ئۆزگىرىش بولدى، بۇ چاغدا ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۆزلىرىنىڭ تەلىماتىنى سوتسىيالىزم دەپ ئاتىدى. لېكىن سوتسىيالىزم دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئالدىغا بەزىدە «گېرمانىيە سوتسىيالىزمى»، يەنە بەزىدە «نەزەرىيىۋى سوتسىيالىزم» ياكى «ھازىرقى زامان سوتسىيالىزمى»، «ئىلمىي سوتسىيالىزم» دېگەنگە ئوخشاش بىر خىل تۇراقلىق ئىبارىلەرنى قوشۇپ ئىشلەتتى. گەرچە بۇ تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ كونكرېت ئىشلىتىلىشى ئوپمۇ-ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن مەنا جەھەتتىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ماركسىزمنى كۆرسىتەتتى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۆزلىرىنىڭ تەلىماتىنى 19 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا سوتسىيالىزم دەپ ئاتىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بىرىنچىدىن، 1864 - يىلى قۇرۇلغان بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە 1871 - يىلدىكى پارىژ كوممۇنىسى ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئىشچىلار ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكتىن، 1840 - يىللاردا ئېقىپ يۈرگەن تۈرلۈك سوتسىيالىستىك

مەزھەپلەرنىڭ ھەممىسى زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. ئىككىنچىدىن، ماركسىزم كەڭ تارقىلىپ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ھەمدە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى چۈشىنىدىغان بولغانلىقتىن، ئەمدى يەنە ئاتالغۇ جەھەتتە پەرقلەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، بۈنىڭدىن نەزەرىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم، ماركسىزم دېگەن ئاتالغۇلار ئوخشىمىغان مەزگىللەردە بارلىققا كەلگەن ۋە قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەنىسى ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

ھازىر بار بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ماركسىزم دېگەن ئاتالغۇنى بىرىنچى بولۇپ روسىيىلىك م. ئا. باكونىن 1873 - يىلى نەشر قىلىنغان «دۆلەت تۈزۈمى ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك» دېگەن ئەسىرىدە ئىشلەتكەن، باكونىن بىرىنچى ئىنتېرناتسىئونال دەۋرىدە خەلقئارا ئىشچىلار ھەرىكىتىدىكى ئۇچىغا چىققان سۇيىقەستچى، بۆلگۈنچى بولۇپ، ماركسىزمغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى، شۇڭا ئۇ بۇ ئاتالغۇنى پۈتۈنلەي ماركسقا ۋە ماركس تەلىماتىغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىش يۈزىسىدىنلا قوللانغان.

19 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، بىر قىسىم سوتسىيالىزمچىلار باكۇنىننىڭ ئەكسىچە ماركسىزم دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ھەقىقىي ئىلمىي مەنىدە ئىشلىتىشكە باشلىغان، بولۇپمۇ 1883 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ماركس ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھەر قايسى ئەللەردىكى سوتسىيالىزمچىلار ئىلىم - پەن ئەربابلىرى ماركس ياراتقان بۇ تەلىماتنى ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئاتاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ۋە ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن، ئەمما بۇنداق ئاتاش تېخى تولۇق بىرلىككە كەلمىگەن. شۇ ۋاقىتتا يەنە بەزى سوتسىيالىزمچىلار ئېنگېلسنىڭ ماركسىزمغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئېنگېلسىزم دەپ ئاتاشنى ياكى ماركسىزم - ئېنگېلسىزم دەپ ئاتاشنىمۇ تەشەببۇس قىلىشقان، لېكىن ئېنگېلس ئۇنى قەتئىي رەت قىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەن: «مەن ماركس بىلەن 40 يىل بىللە ئىشلىدىم، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە بۇ مەزگىلدە بۇ نەزەرىيىگە ئاساس سېلىشقا، بولۇپمۇ بۇ نەزەرىيىنى شەرھلەشكە مەلۇم دەرىجىدە مۇستەقىل قاتناشتىم. ئەمما مۇتلەق كۆپ قىسىم ئاساسىي يېتەكچى ئىدىيىلەرنىڭ بايان قىلىنىشى (بولۇپمۇ ئىقتىساد، تارىخ ساھەسىدە)، خۇسۇسەن، بۇ يېتەكچى ئىدىيىلەرنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئېنىق بايان قىلىنىشى ماركسقا مەنسۇپ...... ماركس بولمىغاندا ئىدى، بىزنىڭ نەزەرىيىمىز ھازىرقىدەك ھالدا بولمىغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نەزەرىيە ئۇنىڭ نامى بىلەنلا ئاتالسا لايىق بولىدۇ.» نەتىجىدە ئېنگېلس ۋە باشقا ئىلغار سوتسىيالىزمچىلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە قەتئىي چىڭ تۇرۇشى بىلەن ماركسىزم دەپ ئاتاش 19 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا پەيدىنپەي پۈتۈن دۇنياغا ئومۇملاشقان.

ماركس بىلەن ئېنگېلس ماركسىزمنى ياراتقان ۋە پۈتۈن ئۆمرىدە ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ ئۇنى ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش يولىدا ئۇلۇغۋار كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ماركسىزمغا مەخسۇس بىر تەبىر بەرمىگەن، ئېنگېلس «كوممۇنىزم پىرىنسىپلىرى» ناملىق ئەسىرىدە «كوممۇنىزم - پرولېتارىيات ئازادلىقىنىڭ شەرت - شارائىتلىرى توغرىسىدىكى تەلىمات» دەپ كۆرسەتكەن، ئېنگېلسنىڭ يۇقىرىقى سۆزى ھازىر ماركسىزمنىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسمىنىڭ بىرى — ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ تەبىرى سۈپىتىدە قوللىنىلماقتا.

ماركسىزمغا بىرىنچى بولۇپ، مۇكەممەل، ئېنىق تەبىر بەرگۈچى — ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىندۇر، ئۇ 1914 - يىلى «كارل ماركس» دېگەن ماقالىسىدە «ماركسىزم - ماركس نۇقتىئىنەزەرى ۋە تەلىماتىنىڭ سىستېمىسى» دەپ يازغان ھەمدە ماركسنىڭ نۇقتىئىنەزەرى ۋە تەلىماتى ئۈستىدە كونكرېت توختىلىپ: «ماركسنىڭ نۇقتىئىنەزەرى - ھازىرقى زامان ئىلمىي سوتسىيالىزمى ۋە ھازىرقى زامان ماتېرىيالىزمىدىن تەركىب تاپقان يەنى دىئالېكتىك

(ئاخىرى 67 - بەتتە)

# 1990 - يىللىق شىنجاڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلىغا مۇشتىرى بولۇشتا ئىلغار بولۇپ مۇكاپاتلانغان ئورۇنلارنىڭ ئىسمىلىكى

مۇكاپاتلاش شەرتلىرى:

ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر)، ئاپتونوم رايونلۇق ئورگانلار پارتكومى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ يېزا ئىگىلىك شىسى ۋە 10 مىڭدىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسى بولغان ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇنلاردىن بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تۆت نەپەر پارتىيە ئەزاسىغا بىر نۇسخىدىن شىنجاڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلىغا مۇشتىرى بولغانلار؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شى دەرىجىلىك ئورگانلار پارتكومى، ناھىيە (شەھەر) لەردىن بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۈچ نەپەر پارتىيە ئەزاسىغا بىر نۇسخىدىن شىنجاڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلىغا مۇشتىرى بولغانلار؛ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى 1000 دىن ئاشىدىغان چوڭ تىپتىكى كارخانىلار ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنلىرىنىڭ تۈەن - مەيدانلىرىدىن بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.5 پارتىيە ئەزاسىغا بىر نۇسخىدىن شىنجاڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلىغا مۇشتىرى بولغانلار؛ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى 350 دىن ئاشىدىغان ناھىيە، تۈەن دەرىجىلىك ئورۇنلاردىن بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا بىر نۇسخىدىن شىنجاڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلىغا مۇشتىرى بولغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئورۇنلار:

ۋىلايەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇندىن تۆت؛ ناھىيە، تۈەن دەرىجىلىك ئورۇندىن 18؛ مۇكاپاتلاش شەرتىگە يېقىنلىشىپ تەقدىرلەشكە ئېرىشكەن ئورۇندىن بەش.

مۇكاپات:

مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ۋە تەقدىرلەنگەن ئورۇنلار ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، ژۇرنىلىمىزدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىنىدۇ ۋە مۇۋاپىق مۇكاپات بېرىلىدۇ.

مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ۋىلايەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇنلار:

| ئورۇنلار | ئوتتۇرىچە سانى |
|---|---|
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | (1:93) |
| يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى | (3.08) |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | (3.52) |
| خوتەن ۋىلايىتى | (3.80) |

مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ناھىيە، تۈەن دەرىجىلىك ئورۇنلار:

| | |
|---|---|
| 166 - تۈەن - مەيدانى | (0.97) |
| 169 - تۈەن - مەيدانى | (1) |
| بورتالا ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار پارتكومى | (1.23) |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | (1.45) |
| قوبۇقسار ناھىيىسى | (1.56) |
| بورتالا شەھىرى | (1.64) |
| چىرا ناھىيىسى | (1.66) |
| 12 - تۈەن - مەيدانى | (1.97) |
| 36 - تۈەن - مەيدانى | (2.02) |
| لوپ ناھىيىسى | (2.14) |
| ئىلى ۋىلايىتىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگان پارتكومى | (2.19) |
| خوتەن شەھىرى | (2.20) |
| 162 - تۈەن - مەيدانى | (2.22) |
| يېزا ئىگىلىك 5 - شىسىغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار پارتكومى | (2.27) |
| 132 - تۈەن - مەيدانى | (2.33) |
| كۈنەس ناھىيىسى | (2.35) |
| 34 - تۈەن - مەيدانى | (2.42) |
| 167 - تۈەن - مەيدانى | |

| تەقدىرلەنگەن ئورۇنلار: | (2.45) |
|---|---|
| يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى | (4.06) |
| 16 - تۈەن - مەيدانى | (2.61) |
| نىلقا ناھىيىسى | (2.61) |
| قوتۇبى ناھىيىسى | (2.85) |
| 135 - تۈەن - مەيدانى | (2.95) |

# پارتىيە توغرا يولغا يېتەكلىدى

1991 — 1921

كۈرەشچان پارتىيەم 70 يىلىڭغا

دىلىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن ساڭا

سېنىڭدەك يولباشچىم بولمىغاندا

بۈگۈنكى بەختمۇ نەدە ئىدى ماڭا

گۈللەنمەكتە سەن بىلەن

ئانا ۋەتەن گۈلزارى

ياشا ئۇلۇغ پارتىيە

خەلقىمىزنىڭ سەردارى

هۆسنخەتلىرىنى يازغۇچى

تۇرسۇن رۇسۇل

# مىللەتلەرنىڭ بەختى كۈلۈپ چېچەكلىدى

# شانلىق مۇساپە



⇧ جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلغان جاي — شاڭخەي ۋاڭجى يولى 106 - نومۇرلۇق ئۆي.



⇧ 1935 - يىلى 1 - ئايدا قىزىل ئارمىيە تۈزۈن سەپەر داۋامىدا زۇنيى يىغىنىنى ئاچقان ئورۇن.



⇧ 1938 - يىلى 5 - ئايدا، يولداش ماۋزېدۇڭ يەنئەندىكى گەمە ئۆيدە «ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا»نى يازغان.



⇧ 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ماۋزېدۇڭ تيەنئەنمېن راۋىقىدا جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى.



⇧ 1949 - يىلى 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى سەھەردە، خەلق ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا ئۆتۈپ چىقتى.

⇨ 1978 - يىلى 12 - ئايدا، ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى.





8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى

گې كاگفۇ فوتوسى

新疆《支部生活》维吾尔文版

ۋەكالەت نومۇرى 42 ـ 58